قەشقەر پېداگوگىكا
ئىنستىتۇتى ئىلمىي
ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي
پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال

1992 ـ يىل 2 ـ سان

(ئومۇمىي 57 ـ سان)

13 ـ يىل نەشرى

*

باش مۇھەررىر
چولا ھاجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
جاپپار روزى
مۇتەللىپ سىدىق


## بوستاندا


تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەيلى ...... ئابدۇلھەكىم ھەسەن 1

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ......مۇھەممەتئەلى قادىر 11

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ...... ئەنۋەر مۇھەممەتسەيدى 19

1940 ـ يىلىدىن بۇيانقى دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان ...... سابىت ھامىت 29

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىدىكى ئورنى ۋە رولى...مۇھەممەت تۇردىھاجى 42

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «نىستۇرىيان دىنىغا ئائىت يادىكارلىق» ئۈستىدە تەتقىقات ...... ئابدۇرەشىت ياقۇپ 46

ھونلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى ...... لىن گەن 54

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى ۋە مەشھۇر شەخسلەر ...... ئىبراھىم نىياز 71

سىفەن مائارىپى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا ...... ئىلھامجان پەخرىدىن 86

ئالىي مائارىپ پېداگوگىكىسىدىن لېكسىيە (6) ... 96

ئاپتور ۋە كىتابخاندىن تەكلىپ ...... 118

# تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەيلى

ئابدۇلھەكىم ھەسەن

ئاساسىي مەزمۇنى: چوڭ ۋە كىچىك سىياسىي كىلىماتنىڭ تەسىرىدىكى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ياش ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى تۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم. ماقالىدا، ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ ۋەزىپىسى — سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقات ۋە كوممۇنىستىك غايە تىكلەش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇش، ياش ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلاردا ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلەر، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت قوشۇنىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان.

شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا نىسبەتەن «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكتە، دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەندىن كېيىن يامراپ چىققان بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئېقىمىنىڭ تەسىرلىرى تېخى ھېلىمۇ مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئىدىيىدە پىشىپ يېتىلمىگەن. ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۈچى ئاجىز، ئاڭقىرىش سېزىمى تۆۋەن، ئاسانلا ئەگىشىپ كېتىشتەك خۇسۇسىيەتلىرى مەۋجۇت بولغاچقا، «تۆت ئاساسىي پىرىنسىپ»تا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىشتا ئۇنداق ياكى مۇنداق تەرەپتىكى ئورغۇن تونۇش مەسىلىلىرى ساقلانماقتا. نۆۋەتتە، ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنى، تەربىيىنىڭ مەزمۇنى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى، خىزمەتنىڭ تەدبىرلىرى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ ئوبرازىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. تۆۋەندە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

## ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ مەنىسى ۋە مەقسىتى

«ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت» دېگەن ئاتالغۇ 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن «سىياسىي تەربىيە»، «سىياسىي خىزمەت»، «سىياسىي-

ئىدىيىۋى تەربىيە»، «سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت» دېگەن ئاتالغۇلار ئىشلىتىلگەنىدى. «ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى يېڭى دەۋر شارائىتىدا قوللىنىشىمىز نۆۋەتتىكى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۇ، مۇۋاپىق ئۇقۇم.

ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت بىلەن سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئالغاندا، سىياسىي خىزمەت — مەلۇم سىنىپ، پارتىيە ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم سىياسىي نىشانغا يېتىشتە ئېلىپ بارغان قوزغىتىش خاراكتېرلىك خىزمەتلىرى ۋە تەشكىلىي خىزمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ (تەشۋىقات خىزمىتى، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى، بىرلىكسەپ خىزمىتى قاتارلىقلار)؛ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت — سىياسىي خىزمەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. «سىياسىي» دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇپ ئېيتىلىشى — ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ياكى ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ سىياسىي خاراكتېرىنى ئالغان ئىدىيىۋى خىزمەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت دېگەننى ئىدىيىۋى خىزمەت دېيسەكمۇ بولىدۇ.

ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت سىياسىي تەربىيە، ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە، ئىدىيىۋى تەربىيە، ئەخلاق تەربىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نۇرغۇن تەربىيە خاراكتېرىنى ئالمىغان خىزمەتلەرنى — باشقۇرۇش خىزمىتى، تەربىيىگە شارائىت هازىرلاش ۋە مۇھىت يارىتىش خىزمەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇھىم گەۋدىسى — ئىدىيىۋى -سىياسىي تەربىيىدۇر.

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت — ئۇ بىر خىل مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىي ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنىڭ تەپەككۇر، سەزگۇ، سۆزلىرى ئەنە شۇ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قورالى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇ خىل كادىرلاردىن بىر قەدەر ياخشىراق بىلىم قۇرۇلمىسىغا، تەپەككۇر ئىقتىدارىغا، سۆز تەربىيىسىگە ۋە ساغلام پسىخىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش، ئاكتىپچانلىق ئۆلچەم قىلىنغان روھىي ئىرادىگە، مەيدانى، كۆز قارىشى، ئۇسۇلى يادرو قىلىنغان تونۇش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىمۇ بىر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار دەپ ھېسابلاش كېرەك.

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى — تەربىيىلىنىگۈچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۇلاردا دۇنيا قاراشنى توغرا تۇرغۇزۇش، ئۇلارغا دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەشكە ياردەم بېرىشتۇر. سىرتقى دۇنيا تەربىيىلىنىگۈچىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە ماددىي ئامىل (ماددىي ئەشيا، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش، ماددىي ئىستېمال، ماددىي تۇرمۇش، ماددىي مەنپەئەتلىنىش)، سىياسىي ئامىل (سىنىپىي مۇناسىۋەت، سىنىپىي كۈرەش، ھاكىمىيەت، سىياسىي تەشكىلات، سىياسىي پروگرامما، سىياسىي لۇشيەن، مەيدان، كۆز قاراش)، مەنىۋى ئامىل (غايە، ئېتىقات، ئەخلاق - پەزىلەت، نەزەرىيىۋى كۆز قاراش، ئىدىيىۋى كۆز قاراش، پەن - مەدەنىيەت، دوستلۇق، مۇھەببەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى) قاتارلىق ئۈچ ئاساسىي ئامىل ئارقىلىق تەسىر

قىلىپ، بىر خىل ئىدىيىنى شەكىللەندۈرىدۇ ياكى مەۋجۇت ئىدىيىنى تەۋرىتىپ ئۆزگەرتىدۇ. بۇ خىل شەكىللەنگەن ئىدىيە مەيلى ئاڭ (كىشىلىك دۇنياسىغا قاراش، بەخت كۆز قارىشى، ھايات ـ ماماتلىق كۆز قارىشى، سىياسىي كۆز قارىشى، دىنىي كۆز قارىشى، ئەخلاق كۆز قارىشى، گۈزەللىك كۆز قارىشى، ئائىلىۋى كۆز قارىشى)، كۆز قاراش ياكى ئىدىيىۋى تونۇش (كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئىقتىدارى، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى، پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ئۇسۇلى) مەسىلىسى بولسۇن، ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ئىدىيە توغرا ۋە خاتا، ئاكتىپ ۋە پاسسىپ، ئىلغار ۋە قالاق دەپ ئايرىلىدۇ. مۇنداق كونكرېت ئايرىشنىڭ تەربىيىدە رولى چوڭ. تەربىيىلەنگۈچىلەر ئىدىيىسىنىڭ ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىشى ـ خۇي ـ مىجەزى، سۆزى، قىلىقى ئارقىلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت ئىشلىگۈچى «مەنىۋى كەسىپ» كادىرلىرى، چوڭ ۋە كىچىك سىياسىي كىلىماتنىڭ تەسىرىدىكى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئەمەلىي خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلاردا يېڭى شەكىللەنگەن ئىدىيە ـ ھەرىكەتنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، «جەرىمانە ئېلىش ـ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ» دېگەن ئىدىيىنى تىكلەپ، ئۆز ئورنىدا ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىشى كېرەك.

## ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ياخشى تۇتۇش نۆۋەتتىكى رېئال ئەمەلىيەتنىڭ تەقەززاسى

نۆۋەتتىكى يېڭى ۋەزىيەتتە، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت خادىملىرى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان توغرا ئاڭ فورما (سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق كۆز قارىشى، دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش قاتارلىقلار) بىلەن تەربىيە ئالغۇچىلارنىڭ خاتا ئىدىيىۋى ھەرىكىتىنىڭ زىددىيىتى. لېنىن: «دۇنيا كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ» دېگەنىدى. ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ تەربىيە ئالغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

مەكتىپىمىزدە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ ئوبيېكتى كەڭ ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، بولۇپمۇ، ئوقۇغۇچى ۋە ياش ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر. چوڭ جەھەتتە، ئۇلار كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ، سوتسىيالىزم يولىنى ھىمايە قىلىدۇ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ھىمايە قىلىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىدۇ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسى بار. لېكىن خەلقئارا چوڭ كېلىمات ۋە مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى كىچىك كىلىمات تەسىرىدىن نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەردە بىر تەرەپلىمىلىك تونۇش ۋە كۆز قاراشنى، ھەتتا بەزىلىرى خاتا كۆز قاراش ۋە خاتا ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

نۇۋەتتە، ياش ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرنىڭ يېتەرسىزلىكى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ: (1) ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېتەرسىز. نۇرغۇن ياش ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر ماركسىزم ھەققىدىكى ئاساسىي ساۋاتنى بىلمەيدۇ، ھەتتا «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ» ۋە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈپ لۇشيەنىنى بىلمەيدۇ، خەلقئارا چوڭ كىلىماتقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە توغرا بىلەن خاتانى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىز، قارشىلىق كۈچى يېتەرسىز، ھەق - ناھەقنى ئايرىشنىڭ توغرا ئۆلچىمىنى تاپالمايدۇ. (2) دىيالېكتىك تەپەككۇر ئۇسۇلى يېتەرسىز. مەسىلىلەرنى ئويلاش، جەمئىيەتنى كۆزىتىشتە، ئەكس تەرەپنى كۆرۈش كۆپ، توغرا تەرەپنى كۆرۈش ئاز؛ ئايرىملىقنى كۆرۈش كۆپ، ئومۇملۇقنى كۆرۈش ئاز؛ كەمچىلىكنى كۆرۈش كۆپ، نەتىجىلەرنى كۆرۈش ئاز؛ ھادىسىنى كۆرۈش كۆپ، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئاددىي. (3) دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشى يېتەرسىز. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئەڭ تۈپكى دۆلەت ئەھۋالى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى ۋە جۇڭگونى زامانىۋىلاشتۇرالايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، ھەتتا جۇڭگونىڭ نىسپىي قالاق ھالەتتە تۇرغانلىقىنى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىدىن كۆرمەكچى بولىدۇ. (4) رېئاللىققا نىسبەتەن چۈشەنچىسى يېتەرسىز. دۆلىتىمىزنىڭ 40 يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى چۈشەنمەيدۇ، دۆلىتىمىز بىلەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى سۆزلەشكە قىزىقىدۇ، ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرىنى چۈشەنمەيدۇ، بەزى كونكرېت مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، ئويلاش ۋە ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلىشتا ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشىنىپ قالىدۇ. (5) ئەمەلىي تۇرمۇشتا چېنىقىشى يېتەرسىز، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم. تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ۋە ئەمەلىي خىزمەتنىڭ چېنىقتۇرۇشىدىن ئۆتمىگەچكە، قاتتىقراق باشقۇرۇشقا كۆنمەيدۇ. قائىدە - تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتا ئەستايىدىل ئەمەس، ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىللارنى چۈشەنمەيدۇ. تەشكىلىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى ئاجىز، جاپا - مۇشەققەتكە چىداش روھى كەم. كەسپىي سۈپىتى تۆۋەن، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئۆگەنمەيدۇ، ئىجتىمائىي ئەخلاقى يېتەرسىز. ئەنە شۇ يۇقىرىقى يېتەرسىزلىكلەر بىزنىڭ ياش ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرگە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلەيدۇ، شۇنداقلا بۇ خىل تەربىيە ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىر ۋە قىيىنلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ: (1) سىياسىي - ئىدىيىۋى جەھەتتە، نىسبەتەن گۇدەك. ئۇلاردا مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە قارىتا مۇقىم كۆز قاراش كەم، ئاسانلا ئېغىش ۋە تەۋرىنىشتە بولىدۇ، ئەگىشىپ كېتىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش، دۆلەت ئەھۋالى ۋە تارىخىي بىلىملىرى نىسبەتەن تۆۋەن. (2) ئاز بولمىغان ساۋاقداشلاردا كەسپكە ئېتىبار بېرىپ سىياسىيغا سەل قاراش ئەھۋالى مەۋجۇت. مەسىلەن: خېلى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىش تەربىيىسىگە قىزىقىش يوق، ئاكتىپچانلىق ۋە كۆڭۈل بۆلۈش يېتەرسىز. بەزىلەر سىياسىي

ئىشلارغا ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بەزى سىنىپلاردا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە تايانچ كۈچلەرنى تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ. ئىتتىپاق ئەزالىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن سۈپىتى تۆۋەن، رولى روشەن ئەمەس. يامان ئىشلارنى كۆرسىمۇ بىلمەسلىككە سالىدىغانلار خېلى كۆپ، ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلمايدۇ. (3) ئاساسىي ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش يېتەرسىز. ئاشلىق، سۇ، توك ئىسراپچىلىقى ئېغىر، دۆلەتنىڭ مۈلكىنى ئاسراش يېتەرسىز، ئەمگەك سۆيۈش ئىدىيىسى كەمچىل، ياتاق، سىنىپ تازىلىقى ناچار، ھاراق ئىچىش خېلى دائىرىدە مەۋجۇت، يۇرتداشلار ئولتۇرۇشى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. (4) ئۆگىنىش نىشانى ئايدىڭ ئەمەس، كەسپىي غايىسى ئاجىز. ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئۆگىنىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچى يېتەرسىز، جاپالىق تىرىشىپ ئۆگەنگۈچىلەر كۆپ ئەمەس. ئالىي مەكتەپكە كىرگەنلىكىنى « نىشانغا يەتكەنلىك » دەپ قارايدىغانلار كۆپ. كەسپىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، ئىجتىمائىي غايىسى كۈچلۈك ئەمەس. بۇمۇ بىزنىڭ تەربىيە خىزمىتىمىزدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. (5) تۇرمۇشتا ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى كەم. ئۆزىگە تەئەللۇق تۇرمۇش بۇيۇملىرى رەتسىز، پۇلغا بولغان تەلىپى كۈچلۈك، بەتخەج، مودا كىيىم - كېچەكلەرنى دوراپ كەيگۈچىلەر خېلى مەۋجۇت.

ياش ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلاردا ساقلانغان يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبى ئاساسىي قاتلامدىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئاجىزلىقى، ئۇلارغا بولغان باشقۇرۇشنىڭ قاتتىق بولماسلىقى، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئىنچىكە ئەمەسلىكى، كونىلىرىنىڭ يېڭىلىرىغا بىر نۇۋاتقان يامان تەسىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەسىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، يۇقىرى - تۆۋەن ماسلىشىپ، تەدبىرنى ئاساسىي قاتلامغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئۈنۈملۈك نەتىجىگە ئېرىشىشىمىز لازىم.

### ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ تۈپكى ۋەزىپىسى - سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقاد ۋە كوممۇنىستىك غايە تىكلەشتىن ئىبارەت

دېڭ شياۋپىڭ: «بىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى قىلغان كۈرەشلىرىمىز كوممۇنىزم ئۈچۈن بولغانىدى. بىزنىڭ ئېتىقاد، غايىمىز - كوممۇنىزم قۇرۇشتۇر. ئەڭ قىيىنچىلىق مەزگىللەردە كوممۇنىستىك غايىمىز بىز ئۈچۈن روھىي تۈۋرۈك بولغان. شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ قۇربان بېرىشىمۇ ئەنە شۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى» دەپ كۆرسەتتىدۇ. نۆۋەتتە ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى ۋە مەكتىپىمىزدىكى ياش ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئالغاندا، ئىككى تۈپكى مەسىلىنى نۇقتىلىق تۇتۇش كېرەك. بۇنىڭ بىرى، قەتئىي توغرا سىياسىي ئېتىقادنى (سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادنى) تىكلەش، ماركسىزمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئىشىنىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىغا ئىشىنىش...)، يەنە بىرى، ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەش (پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، پارتىيىنىڭ مانارىپ

ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش ئىدىيىسىنى تىكلەش). جەمئىيەتتە ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر قىلىۋاتقان نۇرغۇن ناچار نەرسىلەر بار، ھازىر ئۇلاردا ئېتىقاد، غايە، كىشىلىك دۇنياغا قاراشنىڭ شەكىللىنىۋاتقان پەيتى. ئۇلاردا بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىمۇ بار، پرولېتارىيات ئىدىيىسىنىڭمۇ قايىل قىلىش كۈچى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك.

1) ياش ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك، بولۇپمۇ ياش ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردا سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقاد ۋە كوممۇنىستىك غايە تىكلەش — ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋە تۈپكى ۋەزىپىسى. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق تۆت مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك: (1) سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقاد مەسىلىسىنى چوڭقۇر ھەل قىلىش كېرەك. (2) پارتىيە رەھبەرلىكىگە بولغان ئىشەنچ مەسىلىسىنى چوڭقۇر ھەل قىلىش كېرەك. (3) ماركسىزمغا بولغان ئېتىقاد مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. (4) جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچ (ئۆز مىللىتىنىمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇش) مەسىلىسىنى چوڭقۇر ھەل قىلىش كېرەك. بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنسا، ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ھەر قانداق شارائىتتىمۇ ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ۋە غايىسى تەۋرەنمەيدۇ. بۇنىڭدىكى ھالقىلىق مەسىلە — ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

2) ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئوقۇتۇشتا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنى بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشنى تەكىتلەش كېرەك. ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىش كېرەك. ئەگەر ماركسىزملىق نەزەرىيە ئوقۇتۇشىدا، نەزەرىيە جەھەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى قىزىق نۇقتا، گۇمانلىق نۇقتا، قىيىن نۇقتىلارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيدىغان بولساق، بۇنى مەغلۇبىيەت دەپ ھېسابلاش كېرەك. مېنىڭچە ئوقۇتۇش خىزمىتىدىن ئالغاندا، جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخىنى ئوقۇتۇش — كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە قەتئىي تۇرۇشنى مەركەز قىلىشى، پەلسەپە ئوقۇتۇش — ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى مەركەز قىلىشى، سىياسىي ئىقتىساد ۋە جۇڭگو سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئوقۇتۇشى — سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تۇرۇشنى مەركەز قىلىشى، ئىدىيىۋى ئەخلاق ئوقۇتۇشى — «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» بىلەن «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بىزنىڭ نەزەرىيە ئوقۇتۇشىمىزدا، نەزەرىيىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرەلمەيدىغان ئەھۋال ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، خىزمەت ئىستىلىدىكى يېتەكلەشنىڭ كەملىكى، ئوقۇتقۇچىلاردىكى كۆڭۈل بۆلمەسلىك ۋە تەجرىبىنىڭ كەملىكىدە دېيىشكە بولىدۇ.

3) سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ تەسىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىدە نۇرغۇن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر پەيدا بولدى. بىز بۇلارنى تېخى تەلتۆكۈس، چوڭقۇر

قاتلامدىن ھەل قىلىپ كېتەلمىدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»تا چىڭ تۇ-
رۇش ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى بوشاشماي ئېلىپ
بېرىشىمىز كېرەك. «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»تا چىڭ تۇرۇش ئىچىدە، سوتسىيالىزم يولى
ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئەڭ مۇھىم. بۇنىڭدا سوتسىيالىزم يولى ھەققىدى-
كى ئاساسىي تەربىيىدىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. كونكرېت تەلەپ جەھەتتە: (1) سوتسى-
يالىزم يولى تەربىيىسىنى مەكتەپ پارتكومىنىڭ خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، چوڭ
ئىشلار قاتارىدا تۇتۇش؛ (2) سوتسىيالىزم يولى تەربىيىسىدە، سوتسىيالىزم يولىغا بول-
غان ئېتىقاد مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىشنى كۆزلەش؛ (3) تەربىيىنى ئەمەلىيەتكە
باغلاش قائىدىسىدا چىڭ تۇرۇش، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئىدىيىنى ئاشكارىلاپ،
ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشقا يېتەكلەپ، ئاڭ ـ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

سوتسىيالىزم يولى تەربىيىسىدىكى تۈپكى مەقسەت ــ ئېتىقاد مەسىلىسىنى ھەل قى-
لىشتىن ئىبارەت. تەربىيە مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ۋەتەن سۆيۈش تەربىيىسى، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى ئاساس قىلىش، بۇنىڭ
ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمىي سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى سىڭدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.
بەزىدە تۆۋەندىكىدەك مەخسۇس تېمىلار بويىچە لېكسىيە ئۆيۈشتۇرۇشقا بولىدۇ: (1) سوت-
سىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكى توغرىسىدا، (2) سوتسىيالىس-
تىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا، (3) سوتسىيالىزم تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئۇ-
زۇن مۇددەتلىكلىكى، ئەگرى ـ توقايلىقى توغرىسىدا، (4) سوتسىيالىستىك ئالىي مەكتەپ
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى توغرىسىدا قاتارلىقلار. بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا
مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەردىكى چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بەزى ئاسا-
سىي چۈشەنچىلەر چوڭقۇرلاشسا، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنى سېلىشتۇرغاندا توغرا ئۇسۇل
قوللىنىپ، ئىدىيىدە ئېنىق خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادنى
كۈچەيتىشكە ۋە كوممۇنىستىك غايە تىكلەشكە پايدىلىق بولىدۇ.

**ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ياخشى**
**ئىشلىشىمىز كېرەك**

ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتتە، كۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈستىگە قويۇش كېرەك،
ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدىكى ھالقىلىق مەسىلە ــ ئۈنۈملۈك تەدبىر بەلگىلەپ، كۈچ
چىقىرىپ ئىشلەش، قۇرۇق سۆز قىلماسلىق، شەكىلۋازلىق بىلەن شۇغۇللانماسلىقتىن
ئىبارەت.

ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگۈچىلەردە ئالدى بىلەن ياش ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى-
لارنى ھۆرمەتلەش پوزىتسىيىسى بولۇشى كېرەك. ئومۇملۇقتا ياتىدىغان ئىدىيىۋى مە-
سىلىلەرگە نىسبەتەن، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.
لېكىن ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت ئىشلەش ئانچە ئاسان ئەمەس. ئۇلارنىڭ قىيىنلىقى؛
بىرى، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن بولسا؛ يەنە بىرى،
كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشنىڭ پەرقلىق بولۇشى ۋە مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، تەھلىل

قىلىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەردۇر. ئىدىيىۋى خىزمەت كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولسىلا، مىنىڭچە ئۇنى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈش قىيىن ئەمەس.

بىزنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىمىز شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەردىكى: (1) خىزمىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ئەخلاقىي تەربىيىنى دەل ئورنىغا قويۇپ ئىزچىل چىڭ تۇتالمايدىغان ئەھۋالغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. (2) «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» كە ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قەتئىي قارشى تۇرۇشنى بوشاشتۇرماسلىقىمىز كېرەك. (3) مەكتەپ مۇھىتى ۋە جامائەت پىكرىنى يېتەكلەشكە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك. (4) ئاساسىي قاتلام ۋە ئاساسىي قوشۇن قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. (5) ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. مەمۇرىي باشقۇرۇش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئەگەر مەخسۇس بىر تايانچلار قوشۇنى بولمىسا، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ.

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئىچكى كۈچى پارتكوم رەھبەرلىكىدە ھەر خىل كۈچلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئۆز قۇدرىتىنى ھەقىقەتنىڭ كۈچى، خادىملارنىڭ غۇرۇر كۈچى (پەزىلەت)، ھېسسىياتنىڭ كۈچى (پارتىيە، ۋەتەن، خەلقنى سۆيۈش)، ئۈلگىنىڭ كۈچى، قائىدە تۈزۈمنىڭ كۈچى، مەدەنىيەتنىڭ كۈچى، جامائەت پىكرىنىڭ كۈچى، ئاممىنىڭ كۈچى ۋە باشقىلار ئارقىلىق نامايەن قىلىدۇ. بۇلار ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ياخشى ئىشلىنىشىدىكى مۇھىم شەرتلەردۇر.

بىز ھەر خىل ئامىللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى جەھەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم:

(1) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

(2) سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ پرىنسىپچانلىقىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئۆز نۆۋىتىدە، بارلىق كونا ئىدىيە، كونا كۆز قاراش، كونا ئادەتلەرنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل پرىنسىپچانلىقى — ئۇنىڭ كۈرەشچانلىقىدۇر. بىز ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتە ئاكتىپ، ساغلام ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

(3) روھىي جەھەتتە ئىلھاملاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. روھىي ئىلھاملاندۇرۇش بىلەن ماددىي رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى — ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ بىر مۇھىم پرىنسىپى. بۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، روھىي ئىلھاملاندۇرۇشنى ئاساس، ماددىي رىغبەتلەندۈرۈشنى قوشۇمچە قىلىش كېرەك. مۇھىم نۇقتا — كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ۋە ئاڭ - سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قىزغىنلىقىنى قوزغىتىش.

(4) ئوقۇتقۇچىلار پەننىي بىلىملەرنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەر سۈپىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا گەۋدىلىنىدۇ، ئۇلار كەسپىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇش بىلەن بىر چاغدا،

ئەپلىك ئۇسۇللار بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ئارىلىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى پەن - بىلىم ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا ئورۇنلاشقا تىرىشىش كېرەك.

(5) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىملار ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەنمۇ قوشۇمچە شۇغۇللىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئالاقە ئاز بولىدۇ - دە، پەقەت «دىلو مەلۇم قىلىش» قىلا تايىنىپ قالىدۇ. شۇڭا مەلۇم مىقداردا قوشۇمچە دەرس ئېلىش - سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

(6) ئوقۇغۇچىلارغا ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش لازىم. ئۇنىڭ ۋاقتى، مەزمۇنى، ئادەم قاتارلىقلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

### ئاساسىي قاتلام ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك

ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە — مەكتىپىمىز خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنى تۇتۇشتا، ئاساسىي قاتلامدىكى بىر كۈچلۈك ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمەت قوشۇنى بولمىسا بولمايدۇ. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئاجىز بولۇپ قېلىشىمۇ بۇ قوشۇننىڭ مۇكەممەل بولمىسلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلار ئۆز ئۈستىگە تۆۋەندىكىدەك ۋەزىپىلەرنى ئالغان:

(1) ئاساسىي قاتلام ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت خادىملىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ تەربىيىلىگۈچىلىرى، ئىجرا قىلغۇچى ۋە ماسلاشتۇرغۇچىلىرى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا سىياسىي كۆز قاراش، دۇنيا قاراش ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت قاراشلىرىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ھەرقايسى سىنىپلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىدىكى ئەھۋاللارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇ ئارقىلىق تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىپ، تەربىيە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

(2) ئاساسىي قاتلام ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەت خادىملىرى — دائىملىق زور مىقداردىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشكە يېتەكلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ياش قورامى، جىنسى، كېلىپ چىقىشى، بىلىم ئەھۋالى، پسىخىك مىجەزى، خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىق تەرەپلەردە پەرقلىق بولغاچقا، ئىدىيە جەھەتتە نىسبەتەن چوڭراق پەرقلەر ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، تەربىيە خىزمىتىمۇ، پەرقلىق ئەھۋالغا قاراپ، جانلىق، كۆپ خىل شەكىللەردە بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى خەلقارا كىلىمات تەسىرى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شارائىتىدا جۇملىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى جانلانغان، دېموكراتىك ئېڭى كۈچەيگەن ۋاقىتتا، بۇرۇنقىدەك، ھەرىكەت خاراكتېرىنى ئالغان، تەربىيىلەپ بىر - بىرىگە سالىدىغان شەكىلدىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە شەكلى مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. مېنىڭچە مۇۋاپىق مۇزاكىرە شەكلى، سۆھبەت شەكلىدىكى دېموكراتىك تەربىيە ئۇسۇلى بولۇپ، «ئايرىم تەربىيە»، «ئايرىم قايىل قىلىش»، «بىر ئاچقۇچ بىلەن بىر قۇلۇپنى ئېچىش» قاتارلىق شەكىللەر ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ موھىم ۋاسىتىلىرىدۇر.

(3) ئاساسىي قاتلام ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت خادىملىرى - مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە ئۈنۈمىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ھەرىكەت مىزانىنى يېتىلدۈرىدۇ. ھەرىكەتنىڭ مەشىق قىلدۇرۇلۇشى - ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى. باشقۇرۇش بىر خىل ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىگە ماسلاشتۇرۇلىدۇ. مۇۋاپىق ۋە ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىدىغان تۈزۈم بولمىسا، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ كۈچى بولمايدۇ. قاتتىق تۈزۈم ۋە زۆرۈر - ئىنتىزام ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ئاساسىي قاتلام ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ خىزمەت جەريانىدا چىڭ تۇتىدىغان تۈزۈم ۋە مىزانى - «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەرىكەت مىزانى» دىن ئىبارەت.

ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنىدىكى مەسىلە شۇ يەردىكى: (1) ئاساسىي قاتلام ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ ئىدىيىسى مۇقىم ئەمەس. گەرچە كۆپچىلىكنىڭ ۋە سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ تەشكىل تاپشۇرغان خىزمەتكە مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ۋەزىپىسىنى ئاكتىپ ئورۇندايدىغان پوزىتسىيىسى بولسىمۇ، لېكىن ئىدىيە ھالىتى ۋە خىزمەت پوزىتسىيىسىدە پەرق چوڭ. بۇ خىزمەتنى ئۇزۇن مەزگىل قىلىشنى خالايدىغانلىرى ئاز، دەرھال قول ئۈزۈشنى خالايدىغانلىرى كۆپ، ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەتنىڭ قانۇنىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىدىيىسى يوق. شۇڭا، بەزىلىرى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاجىز، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ، چىققان ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمايدۇ، «ۋاقىتلىق ئىشچى» لىق ئىدىيىسى كۈچلۈك. (2) ماركسىزملىق نەزەرىيە سۈپىتى، كەسپىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئىقتىدارى نىسبەتەن تۆۋەن، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايدۇ. خىزمەتتە باش قاتۇرۇش كەم، بەزىلىرى يېڭىدىن خىزمەتكە قاتناشقان، تەجرىبىسى كەمچىل، تەدبىرى ئاجىز، يېتەكلەشنى بىلمەيدۇ. بەزىلىرى ھەتتا سىنىپ يىغىنلىرىنىمۇ 15 مىنۇت ئاران داۋاملاشتۇرىدۇ، مەسىلە ھەل قىلىشنى بىلمەيدۇ، تەشكىلگە دوكلات قىلىشنى ۋە يوليورۇق سوراشنى بىلمەيدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت خادىملىرىدا ياخشى ئوبراز يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئوبراز مەسىلىسى - ئىدىيىۋى خىزمەت كادىرلىرىغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم مەسىلە. ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ ئوبرازىنى يېتىلدۈرۈش - ئەمەلىيەتتە، غورۇر (پەزىلەت) بىلەن نوپۇزنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتىكى نوپۇز مېخانىزمى مۇنداق تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتنىڭ كۈچى، ھېسسىياتنىڭ كۈچى، غورۇر (پەزىلەت) نىڭ كۈچى، ھوقۇق كۈچىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە، ئالدىنقى ئۈچى ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەتنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىدۇر. ھەقىقەتنىڭ كۈچى - ئالدىنقى شەرت، غورۇرنىڭ كۈچى - ئاساس. ئەگەر ئالىي خىسلەتلىك غورۇر بولمىسا، ھەقىقەتنىڭ كۈچى جارى بولمايدۇ. ھېسسىيات كۈچى (پارتىيە، ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈش) بىلەن ھوقۇق كۈچى قىڭغىر يولغا كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى (خادىملىرى) ئىدىيىنى يېتەكلىگۈچىلەر. ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆز ۋە ھەرىكىتى ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى ئۈلگە بولمىسا بولمايدۇ؛ سۆزلىرى ئورۇنلۇق، ھەرىكىتى جايىدا، مۇئامىلىسى قائىدىلىك، خىزمىتى تەرتىپلىك بولغاندىلا، ئاندىن تەربىيە ئالغۇچىلار بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولىدۇ ۋە خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ.

# سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى

(ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

مۇھەممەتئەلى قادىر

ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىيات يولىغا ئىگە بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئاڭ پورمىسى. ئۇ، ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا، يالغۇز ئىجاد قىلىش ۋە يېڭىلاش پائالىيەتلىرىنىڭلا بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ قالماي، بەلكى يەنە ئۆز تەرەققىيات تارىخىدىكى ھەر خىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى تەجرىبىلىرى ئۈستىدىمۇ ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل - تەتقىقات ۋە نەزەرىيىۋى ئومۇملاشتۇرۇشلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازلىرىدىن ماركس، ئېنگېلس ۋە لېنىنلار، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا، ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى، بولۇپمۇ پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتى جەريانىدىكى ھەر خىل ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل - تەتقىقات ۋە نەزەرىيىۋى ئومۇملاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. كېيىن ماۋزېدۇڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئىجادىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىز تەرەققىيات تارىخىدىكى ھەر خىل ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر يەكۈنلەش ئېلىپ باردى ۋە شۇ ئاساستا، «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» قاتارلىق دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە شانلىق ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىز ساھەسىدىكى كۆپلىگەن مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا ھەل قىلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى، ئوبيېكتى، جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىنى يارىتىش، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ماۋزېدۇڭ ھەل قىلىپ بەرگەن نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر بولۇپ ھې-

سابلىنىدۇ. ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغاندا: «بارلىق خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. خەلق تۇرمۇشى بولسا، بارلىق خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس، بىردىنبىر مەنبەسى. جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ئۇزاققىچە، شەرتسىز ھالدا ۋە جان دىلى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئاممىسى ئارىسىغا بېرىپ، ئوتتەك قىزىق كۈرەش ئىچىگە بېرىپ، بىردىنبىر، ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ باي مەنبەگە بېرىپ، بارلىق كىشىلەرنى، بارلىق سىنىپلارنى، بارلىق ئاممىنى، بارلىق جانلىق تۇرمۇش ۋە كۈرەش شەكىللىرىنى، بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت خام ئەشيالىرىنى كۆزىتىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئىجادىيەت جەريانىغا قەدەم بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ يەنە ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىرىنى يارىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن: «بىز بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىپ، ئۈلى ئۆز زامان، ئۆز ماكانىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەدەبىيات - سەنئەت خام ماتېرىياللىرىدىن ئەسەرلەر يارىتىشتا ئەينەك قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئەينەكنىڭ بولۇشى بىلەن بولماسلىقىنىڭ پەرقى بار، بۇ پەرق - بەدىئىيلىك بىلەن بەدىئىي ئەمەسلىكنىڭ پەرقى، نەپىسلىك بىلەن قوپاللىقنىڭ پەرقى، ئۈستۈنلۈك بىلەن تۆۋەنلىكنىڭ پەرقى، چاپسانلىق بىلەن ئاستىلىقنىڭ پەرقىدىن ئىبارەت... لېكىن ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئەينەك قىلىشنى ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ئورنىغا دەسسىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتتە قەدىمقىلارنىڭكىنى ۋە چەت ئەللەرنىڭكىنى ھېچقانداق تەنقىدسىز كۆچۈرۈۋېلىش ۋە دوراش ئەڭ يارامسىز، ئەڭ زىيانلىق ئەدەبىيات دوگماتىزمى ۋە سەنئەت دوگماتىزمىدۇر» («نۇتۇق» تىن).

ماۋزېدۇڭ بۇلاردىن تاشقىرى يەنە، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەزمۇن بىلەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسى بىلەن ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى، دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت مېتودىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ بايانلىرىدا بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق شەرھلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات يولى ۋە نىشانى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتى جەريانىدا، زور يېتەكچىلىك رول ئويناپ كەلدى. ئۇ، يازغۇچى - سەنئەتكارلار قوشۇنىنى ماركسىزملىق

ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشى ۋە باي ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلىملىرىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنى ئوتتەك قىزىق رېئال كۈرەش ئىچىگە يۈزلەندۈرۈش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنى كېڭەيتىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ قىياپىتىدە يېڭى سەھىپە ئېچىش ۋە يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا تۈرتكە بولدى.

شۇڭا، ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرى، ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدۇر. ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ـ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەلۇم ئىلمىي نەزەرىيىۋى سىستېما ۋە مەلۇم توغرا ئەدەبىيات ـ سەنئەت نۇقتىئىنەزەرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەرەققىي قىلىدىغان مۇھىم ئىدېئولوگىيە ساھەسى. بۇ ساھەدە ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى سىستېما ۋە توغرا ئەدەبىيات ـ سەنئەت نۇقتىئىنەزەرىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمايدىكەن ئۇنىڭ توغرا يۆنىلىش بويلاپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنسانلارنىڭ ئىستېتىك تەلىپى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى يالغۇز بەدىئىي ئوبراز ۋە بەدىئىي تىپلارنى يارىتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئىستېتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تۇرمۇش تېمىلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىستېتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىللەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە بېيىپ بېرىۋاتقان ئىستېتىك تەلەپلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قاندۇرۇش، دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇ ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا، تۇرمۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئادەتتىكە ئايلىنىپ قالغان بەدىئىي شەكىللىرى ياكى ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىلا توختاپ قالماي، بەلكى يەنە، ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتى جەريانىدا مەيدانغا چىقىۋاتقان ھەرخىل يېڭى، ئىلغار ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەجرىبىلىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىش، ھەرخىل نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ بېرىش ۋە مۇكەممەللىشىپ بېرىشتەك تەرەققىيات يولىدىمۇ چىڭ تۇرىدۇ. بۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ بىر مۇھىم قانۇنىيىتى. ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا، بۇ، قانۇنىيەتلىك مەسىلىنىمۇ ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل قاتارلىق جەھەتلەردىن يېڭىلىنىپ بېرىشى، دەۋر تۈسىنى ئېلىشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

ئەمما ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىمۇ، باشقا ئىدېئولوگىيە ساھەلىرىگە ئوخشاش خىلمۇ خىل زىددىيەت-كۈرەشلەر بىلەن تولغان. ئۇنىڭدىمۇ ھەممە ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىيات-سەنئەت نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تەشەببۇسىدىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدىكى زىددىيەت-كۈرەشلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل زىددىيەت-كۈرەشلەرنىڭ بەزىسى نەزەرىيە ساھەسىدە ئىپادىلەنسە، بەزىسى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدى ساھەسىدە ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن. بۇجەرياندا ئوتتۇرىغا چىققان نەزەرىيەۋى ۋەئىجادىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئېلىپ بېرىلمايدىكەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆز تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. يېقىنقىدىن بۇيان ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە يۈز بەرگەن بەزى ئەھۋاللار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ پارتىيە 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە كىشىنى ئويغا سالىدىغان بەزى خاتا ئەدەبىيات-سەنئەت خاھىشلىرىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەلدى. بەزىلەر، ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى ساھەسىدە «يېڭىنى تەشەببۇس قىلىش» ۋە «يېڭىلىق يارىتىش» نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بارلىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات-سەنئەت ئەنئەنىلىرىنى كۈچىنىڭ بېرىچە ئىنكار قىلىش، ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزغا بولغان يېتەكچىلىك رولىنى چەتكە قېقىپ، ئۇنى «ۋاقتى ئۆتكەن»، «كونا» نەرسىلەر دەپ قاراپ، ئورنىغا ھازىرقى زامان غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ پاسسىپ، چاكىنا نۇقتىئىنەزەرلىرىنى دەسسىتىش بىلەن ئاۋارە بولغان بولسا، بەزىلەر، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ساھەسىدە «دەۋرگە ماسلىشىش» ۋە «ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى دەۋرگە يۈزلەندۈرۈش» نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، «ئاڭنى ئىپادىلەش»، «ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەش»، «سۇبيېكتىپنى يېزىش»، «پسىخىكىنى يېزىش»، «جىنسىي مۇناسىۋەتنى يېزىش» ۋە «ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئاجايىپلاشتۇرۇش» دېگەندەك نېمىلەرنى تەرغىپ قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتى. بۇلار ھەدېسىلا غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئېما جەھەتتىن ئاجايىپ-غارايىپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىيات-سەنئىتىدە ئىپادىلىنىۋاتقان غەلىتە تېمىلارنى زور ئىشتىياق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى دەۋر روھىدىن چەتنىگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە لەززەتلىنىش ئادىتىدىن چەتنىگەن، رېئاللىق ۋە رېئال تەلەپلەردىن چەتنىگەن، ئۆزىنىڭ مىللىي تۈسى ۋە مىللىي ئۇسلۇبىدىن چەتنىگەن غەلىتە نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى دەۋر

ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ خاراكتېرى - ئالاھىدىلىكى ۋە تەلەپ - مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بۇ خىل رېئال ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرىگە زادى قانداق قاراش كېرەك؟

ماۋزېدوڭ مەملىكىتىمىز ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا، يالغۇز ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ئاڭ پورمىسىنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇنىيىتى مەسىلىسىگە زور ئېتىبار بىلەن قاراپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى خۇش پۇراق گۈل بىلەن زەھەرلىك چۆپنىڭ، چىن، ياخشى، گۈزەل نەرسىلەر بىلەن ساختا، رەزىل، يامان نەرسىلەرنىڭ پەرقىنى توغرا ئايرىتىش مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت بىلەن قاراپ كەلگەن ۋە بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان بۇ ئىككى تەرەپنىڭ پەرقىنى توغرا ئايرىتىشنىڭ پرىنسىپ، ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى توغرا ھەل قىلىپ بەرگەن. ئۇ بۇ مەسىلىدە خەلق مەنپەئىتى ۋە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىگە پايدىلىق بولغانلىقى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇش پۇراق گۈل، چىن، ياخشى، گۈزەل نەرسىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى، بۇ خىل پايدىلىق نەرسىلەرنى پەرۋىش قىلىشىمىز ۋە قوغدىشىمىز لازىملىقى، خەلق مەنپەئىتى ۋە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى زەھەرلىك چۆپ، ساختا، رەزىل، سەت نەرسىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى، بۇ خىل زىيانلىق نەرسىلەرنى چەتكە قېقىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىملىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ، خۇشپۇراق گۈل بىلەن زەھەرلىك چۆپنىڭ پەرقىنى ئايرىتىشنىڭ ئۇسۇل - پرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىدە چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھەقىقىي يوسۇندا قوللانغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە مەۋجۇت بولغان تۈرلۈك مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە توغرا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

ھازىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت لۇشيەنى يېتەكچىلىكىدە يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسىگە قەدەم قويدى. «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلمىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئېچىۋېتىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن، مەزمۇنى ساغلام، شەكلى گۈزەل، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشماقتا.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز ئۆزىگە خاس مەقسەت - تەلەپلەرگە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت. ئۇ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرىنى چىنلىق بىلەن

... ئەمما ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىمۇ، باشقا ئىدېئولوگىيە ساھەلىرىگە ئوخشاش خىلمۇ خىل زىددىيەت - كۈرەشلەر بىلەن تولغان. ئۇنىڭدىمۇ ھەممىشە ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىيات - سەنئەت نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەشەببۇسىدىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدىكى زىددىيەت - كۈرەشلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل زىددىيەت - كۈرەشلەرنىڭ بەزىسى نەزەرىيە ساھەسىدە ئىپادىلەنسە، بەزىسى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى ساھەسىدە ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن. بۇ جەرياندا ئوتتۇرىغا چىققان نەزەرىيىۋى ۋە ئىجادىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئېلىپ بېرىلمايدىكەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆز تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. يېقىنقىدىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە يۈز بەرگەن بەزى ئەھۋاللار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە كىشىنى ئويغا سالىدىغان بەزى خاتا ئەدەبىيات - سەنئەت خاھىشلىرىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەلدى. بەزىلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ساھەسىدە «يېڭىنى تەشەببۇس قىلىش» ۋە «يېڭىلىق يارىتىش» نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بارلىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىلىرىنى كۈچىنىڭ بېرىچە ئىنكار قىلىش، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزغا بولغان يېتەكچىلىك رولىنى چەتكە قېقىپ، ئۇنى «ۋاقتى ئۆتكەن»، «كونا» نەرسىلەر دەپ قاراپ، ئورنىغا ھازىرقى زامان غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ پاسسىپ، چاكىنا نۇقتىئىنەزەرلىرىنى دەسسىتىش بىلەن ئاۋارە بولغان بولسا، بەزىلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ساھەسىدە «دەۋرگە ماسلىشىش» ۋە «ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى دەۋرگە يۈزلەندۈرۈش» نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، «ئاڭنى ئىپادىلەش»، «ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش»، «سۇبيېكتىپنى يېزىش»، «پسىخىكىنى يېزىش»، «جىنسىي مۇناسىۋەتنى يېزىش» ۋە «ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئاجايىپلاشتۇرۇش» دېگەندەك ئېقىملارنى تەرغىپ قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتى. بۇلار ھەددىسىلا غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ۋە تېما جەھەتتىن ئاجايىپ - غارايىپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئىتىدە ئىپادىلىنىۋاتقان غەلىتە تېمىلارنى زور ئىشتىياق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى دەۋر روھىدىن چەتنىگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە لەززەتلىنىش ئادىتىدىن چەتنىگەن، رېئاللىق ۋە رېئال تەلەپلەردىن چەتنىگەن، ئۆزىنىڭ مىللىي تۈسى ۋە مىللىي ئۇسلۇبىدىن چەتنىگەن غەلىتە نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشۇۋاتىدۇ. بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى دەۋر

ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ خاراكتېرى - ئالاھىدىلىكى ۋە تەلەپ - مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بۇ خىل رېئال ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرىگە زادى قانداق قاراش كېرەك؟

ماۋزېدوڭ مەملىكىتىمىز ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا، يالغۇز ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ئاڭ پورمىسىنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇنىيىتى مەسىلىسىگە زور ئېتىبار بىلەن قاراپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى خۇش پۇراق گۈل بىلەن زەھەرلىك چۆپنىڭ، چىن، ياخشى، گۈزەل نەرسىلەر بىلەن ساختا، رەزىل، يامان نەرسىلەرنىڭ پەرقىنى توغرا ئايرىتىش مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت بىلەن قاراپ كەلگەن ۋە بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان بۇ ئىككى تەرەپنىڭ پەرقىنى توغرا ئايرىتىشنىڭ پرىنسىپ، ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى توغرا ھەل قىلىپ بەرگەن. ئۇ بۇ مەسىلىدە خەلق مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەشلىرىگە پايدىلىق بولغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇش پۇراق گۈل، چىن، ياخشى، گۈزەل نەرسىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى، بۇ خىل پايدىلىق نەرسىلەرنى پەرۋىش قىلىشىمىز ۋە قوغدىشىمىز لازىملىقى، خەلق مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى زەھەرلىك چۆپ، ساختا، رەزىل، سەت نەرسىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى، بۇ خىل زىيانلىق نەرسىلەرنى چەتكە قېقىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىملىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ، خۇشپۇراق گۈل بىلەن زەھەرلىك چۆپنىڭ پەرقىنى ئايرىتىشنىڭ ئۇسۇل - پرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىدە چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھەققىي يوسۇندا قوللانغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە مەۋجۇت بولغان تۈرلۈك مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە توغرا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

ھازىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت لۇشيەنى يېتەكچىلىكىدە يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسىگە قەدەم قويدى. «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئېچىۋېتىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن، مەزمۇنى ساغلام، شەكلى گۈزەل، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشماقتا.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز ئۆزىگە خاس مەقسەت - تەلەپلەرگە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت. ئۇ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرىنى چىنلىق بىلەن

ئەمما ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىمۇ، باشقا ئىدېئولوگىيە ساھەلىرىگە ئوخشاش خىلمۇ خىل زىددىيەت - كۈرەشلەر بىلەن تولغان. ئۇنىڭدىمۇ ھەممىشە ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىيات - سەنئەت نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەشەببۇسىدىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدىكى زىددىيەت - كۈرەشلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل زىددىيەت - كۈرەشلەرنىڭ بەزىسى نەزەرىيە ساھەسىدە ئىپادىلەنسە، بەزىسى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى ساھەسىدە ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن. بۇجەرياندا ئوتتۇرىغا چىققان نەزەرىيەۋى ۋەئىجادىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئېلىپ بېرىلمايدىكەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆز تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. يېقىندىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە يۈز بەرگەن بەزى ئەھۋاللار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە كىشىنى ئويغا سالىدىغان بەزى خاتا ئەدەبىيات - سەنئەت خاھىشلىرىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەلدى. بەزىلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ساھەسىدە «يېڭىنى تەشەببۇس قىلىش» ۋە «يېڭىلىق يارىتىش» نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بارلىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىلىرىنى كۈچىنىڭ بېرىچە ئىنكار قىلىش، ماركسزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزغا بولغان يېتەكچىلىك رولىنى چەتكەقېقىپ، ئۇنى «ۋاقتى ئۆتكەن»، «كونا» نەرسىلەر دەپ قاراپ، ئورنىغا ھازىرقى زامان غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ پاسسىپ، چاكىنا نۇقتىئىنەزەرلىرىنى دەسسىتىش بىلەن ئاۋارە بولغان بولسا، بەزىلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ساھەسىدە «دەۋرگە ماسلىشىش» ۋە «ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى دەۋرگە يۈزلەندۈرۈش» نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، «ئاڭنى ئىپادىلەش»، «ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش»، «سۇبيېكتىپنى يېزىش»، «پسىخىكىنى يېزىش»، «جىنسىي مۇناسىۋەتنى يېزىش» ۋە «ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئاجايىپلاشتۇرۇش» دېگەندەك ئېقىملارنى تەرغىپ قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتى. بۇلار ھەددىسلا غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ۋە تېما جەھەتتىن ئاجايىپ - غارايىپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە، غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئىتىدە ئىپادىلىنىۋاتقان غەلىتە تېمىلارنى زور ئىشتىياق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى دەۋر روھىدىن چەتنىگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە لەززەتلىنىش ئادىتىدىن چەتنىگەن، رېئاللىق ۋە رېئال تەلەپلەردىن چەتنىگەن، ئۆزىنىڭ مىللىي تۈسى ۋە مىللىي ئۇسلۇبىدىن چەتنىگەن غەلىتە نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى دەۋر

ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ خاراكتېر - ئالاھىدىلىكى ۋە تەلەپ - مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بۇ خىل رېئال ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرىگە زادى قانداق قاراش كېرەك؟

ماۋزېدوڭ مەملىكىتىمىز ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا، يالغۇز ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ئاڭ پورمىسىنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇنىيىتى مەسىلىسىگە زور ئېتىبار بىلەن قاراپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى خۇش پۇراق گۈل بىلەن زەھەرلىك چۆپنىڭ، چىن، ياخشى، گۈزەل نەرسىلەر بىلەن ساختا، رەزىل، يامان نەرسىلەرنىڭ پەرقىنى توغرا ئايرىتىش مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت بىلەن قاراپ كەلگەن ۋە بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان بۇ ئىككى تەرەپنىڭ پەرقىنى توغرا ئايرىتىشنىڭ پرىنسىپ، ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى توغرا ھەل قىلىپ بەرگەن. ئۇ بۇ مەسىلىدە خەلق مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىگە پايدىلىق بولغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇش پۇراق گۈل، چىن، ياخشى، گۈزەل نەرسىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى، بۇ خىل پايدىلىق نەرسىلەرنى پەرۋىش قىلىشىمىز ۋە قوغدىشىمىز لازىملىقى، خەلق مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى زەھەرلىك چۆپ، ساختا، رەزىل، سەت نەرسىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى، بۇ خىل زىيانلىق نەرسىلەرنى چەتكە قېقىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىملىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ، خۇشپۇراق گۈل بىلەن زەھەرلىك چۆپنىڭ پەرقىنى ئايرىتىشنىڭ ئۇسۇل - پرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىدە چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھەقىقىي يوسۇندا قوللانغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە مەۋجۇت بولغان تۈرلۈك مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە توغرا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

ھازىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت لۇشيەنى يېتەكچىلىكىدە يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسىگە قەدەم قويدى. «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئېچىۋېتىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن، مەزمۇنى ساغلام، شەكلى گۈزەل، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشماقتا.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز ئۆزىگە خاس مەقسەت - تەلەپلەرگە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت. ئۇ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرىنى چىنلىق بىلەن

ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كۈرەشلىرىنى ئىلگىرى
سۈرۈشكە ياردەم بېرىش، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان مە-
نىۋى جەھەتتىكى تەلەپلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن ماسلىشىش — نۆۋەتتىكى ئەڭ مەركىزىي
ۋەزىپە. ئۇ، يالغۇز رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ۋە چىن-
لىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپلا قالماي، بەلكى بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ۋە تۇر-
مۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئۇسلۇب - شەكىللىرىنىمۇ كۈنسېرى كۆپ خىللاشتۇرۇپ مې-
ڭىش، «يېڭىلاش» ۋە يېڭىنى بارلىققا كەلتۈرۈش مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت ئېتى-
بار بىلەن قارايدۇ. بىراق، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتتە تەشەببۇس قىلىنىۋات-
قان «يېڭىلاش» ۋە «يېڭىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» — قانداقتۇ ئەدەبىيات - سەنئەت-
نىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەت-
تىكى ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرىگە ئويغۇن كەلمەيدىغان چاكىنا نەرسىلەرنى بارلىققا كەل-
تۈرۈش ياكى سىرتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىدىكى غەلىتە نەرسىلەرنى «يېڭى نەرسە»
قىلىپ بازارغا سېلىپ، ئۇنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش دېگەنلىك بولماي، بەلكى، ئەدە-
بىيات - سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىكى ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرىگە
ئويغۇن كېلىدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ بېرىۋاتقان بەدىئىي قى-
زىقىشى ۋە لەززەتلىنىش تەلەپلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قاندۇرالايدىغان ئىلغار، گۈزەل
نەرسىلەرنى مەيدانغا چىقىرىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

بىز بۇ يەردە تەشەببۇس قىلىۋاتقان ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى
ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى—پرولېتارىياتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىن-
قىلابىي كۈرەشلىرى جەريانىدا تەدرىجى شەكىللەنگەن، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئە-
دەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتى داۋامىدا تەدرىجى مۇكەممەللىشىپ بارغان بىر ئىنقىلابىي
ئىدىيىۋى سىستېما. ئۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتى
ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىلمىيلىكىنى
تولۇق ئىسپاتلىغان. شۇڭا، ئۇنى باھالاشتا، ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى
جەريانىدا ئوينىغان رولى ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى جەريا-
نىدا ئوينايدىغان يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق چىقىش قىلغان ئاساستا ئىش ئېلىپ بېرى-
لىشى لازىم. ئۇنىڭغا دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنە-
زەر بويىچە مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە
ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى — سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىشلىرىمىزنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى. ئۇنىڭغا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىيات تارىخى ۋە تەرەققىيات تەلىپى بويىچە مۇئامىلە قىلماي، ئاتالمىش «كونا»
ياكى «يېڭى» دېگەندەك ئابستراكت ئۇقۇملار بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى توغرا خۇلاسىلىغىلى بول-
مايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ماھىيىتى، خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنىمۇ
توغرا كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات-

سەنئەت ئىجادىيەت پائالىيىتى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. بىز بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىۋاتـ
قان ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى مەسىلىلىرىـ
نىڭ ھەممىسى، ئۆزىگە خاس تەرەققىيات جەريانى ۋە تارىخىي ئۇلانمىچانلىققا ئىگە بو-
لۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىگەن مەسىلىلەرنىڭ ئىلغارلىقى ياكى قالاقلىقىغا، ئۇنىڭ
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى جەريانىدا قوللىنىشقا بولىدىغانلىقى ياكى بولمايدىـ
غانلىقىغا باھا بېرىشتە، ئۇلارنىڭ «كونا» لىقى ياكى «يېڭى» لىقىغا قاراپلا بىرنەرسە دېـ
يىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى جەريانىدىن
قارىغاندا، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئاتالمىش «كونا» نەرسىلەر ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئېـ
تىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ئەھمىيىتى زور، ئىلغار، ھەتتا بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات ـ
سەنئىتى ساھەسىدە داۋاملىق قوللىنىشقا بولىدىغان قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ بولماسـ
لىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، بۇ يەردە تەرغىب قىلىنىۋاتقان
ئاتالمىش «يېڭى» نەرسىلەر ئىچىدە خەلقنىڭ لەززەتلىنىش تەلىپى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنـ
ئەتنىڭ تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزىدىغان يامان، ئەكسىيەتچى نەرسىلەرنىڭ بولماسـ
لىقى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: ئەجداتلىرىمىز، ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەدەـ
بىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا، كۆپلىگەن جاپالىق ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىشـ
لارنى ئېلىپ بېرىپ، ئەدەبىي ژانىر، ئىپادىلەش شەكلى، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئىجادىيەت
مېتودى، بەدىئىي ماھارەت، ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى، تىما ۋە ئىدىيە قاتارلىق جەھەتـ
لەردىن ناھايىتى نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلار ھازىر
دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە قىممەتلىك پايـ
لىق دەپ قارىلىپ، ئىزچىل تۈردە قوللىنىلىپ كەلمەكتە ياكى تەرەققىي قىلدۇرۇلماقتا.
بۇ، مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنئەنىلىرى ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردا
بارلىققا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى «كونا نەرسىلەر» دەپ چەتكە قېقىۋېتىشكە بولامـ
دۇ؟ پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازلىرىدىن ماركس، ئېنگېلسلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەـ
بىيات ـ سەنئەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ھەر خىل تەجرىبىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا يەـ
كۈنلەش ئاساسىدا، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرى بىـ
لەن بولغان مۇناسىۋىتى، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئىنقىلاب تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىـ
يىتىنى ئىنكاس قىلىشى لازىملىقى، تىپىك پېرسوناژلارنى تىپىك شارائىت ئىچىگە قويۇپ،
چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش، سىياسىي مايىللىق بىلەن بەدىئىي تەسۋىرنىڭ چىنلىقىنى
ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، ئىنقىلابىي مەزمۇن بىلەن گۈزەل، جانلىق بەدىئىي شەكىلنى ئۆز
ئارا بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى يېڭىلاپ مېـ
ڭىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى باياناتلىرى بۈگۈندىن 100 نەچچە يىل ئىلگىرى
ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۈگۈندىن قاراپ، ئۇلارنىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىدىن
بىراقلا چىقىرىۋېتىشكە بولامدۇ؟

«يېڭى» لىق ياكى «كونا» لىق ـ مەسىلىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەھمىيىتىنى بەلـ
گىلەيدىغان ئامىل ئەمەس، بىر خىل ئامىل ـ ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئويـ

نايدىغان رولى. شۇڭا، ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرىگە باھا بېرىشتە، ھەرگىز ئۇنىڭ
«كونا»لىق ياكى «يېڭى»لىقنى ئۆلچەم قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. «يەنئەن ئەدەبىيات-
سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» گەرچە بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن ئېلان
قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى، ئەينى دەۋر
ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە كېيىنكى دەۋرلەر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تە-
رەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا، ئىلمىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.
شۇڭا ئۇ، مەيلى ئىلگىرى بولسۇن ياكى كېيىنكى دەۋرلەردە بولسۇن، ئۆزىنىڭ قىممە-
تىنى يوقاتمىدى.

ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات دەۋرى-
دە تۇرماقتا. ئۇ مەيلى ئىجادىيەت تېمىسى، ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە ئوبراز قۇرۇلمىسى قا-
تارلىق جەھەتلەردىن بولسۇن، مەيلى ئەدەبىي ژانىر، ئىپادىلەش شەكلى، بەدىئىي
ئۇسلۇب ۋە سان - سۈپەت قاتارلىق جەھەتلەردىن بولسۇن، ھەممىسىدە ئۆتكەن ھەر قان-
داق دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا قارىغاندىمۇ زور دەرىجىدە گۈللەپ
ياشنىماقتا. لېكىن شۇنداقتىمۇ، يەنە بۇ ساھەدە مۇھاكىمە قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك
بەزى يېڭى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋې-
تىشكە بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن ھازىرقى زامان رېئاللىقى ۋە ھازىرقى
زامان ئادەملىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەت
ساھەسىدىكى سىرتتىن ئېقىپ كىرگەن ھەر خىل ئەدەبىيات - سەنئەت نۇقتىئىنەزەرلىرى
ۋە ئىپادىلەش شەكىللىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ
يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، يازغۇچى-سەنئەتكارلارنى
قانداق تەربىيىلەش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنىنى
قانداق كېڭەيتىش، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىيات - سەن-
ئەت تەنقىدى پائالىيەتلىرىنى قانداق چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى داۋام-
لىق مۇھاكىمە قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت
نەزەرىيىسى ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى بۇ بىر قاتار مەسىلىلەرنى
توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىزنىڭمۇ نەزەرىيىۋى ئاساسىدۇر. بۇ مەسىلىلەرنى ماركسىزملىق
ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-
سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىش ئارقىلىقلا توغرا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئو-
مۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بىز ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ئاساسىي قا-
ئىدىلىرى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەتئىي تۇ-
رۇپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى-
نى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

ئەنۋەر مۇھەممەتسەيدى

**ئاساسىي مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكى، توپلاش، رەتلەش جەريانىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق قائىدە - پرىنسىپلار شەرھلەنگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنى توپلاش، رەتلەشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ ئەھۋاللار ھەمدە بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلىرىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

### ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشنىڭ مۇھىملىقى ھەم تەخىرسىزلىكى

شەكلى خىلمۇ خىل ۋە رەڭدار، مەزمۇنى مول ۋە كەڭ دائىرىلىك بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە، خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ھەققىي ئىنكاس قىلغان ھالدا ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ، ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە پىشىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قېلىپ، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، خېلى كۆپ قىسىملىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇلار ئاساسەن ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى، قوشاق - بېيىتلىرى، ناخشا - قەسىدىلىرى، ماقال تەمسىللىرى، مەسەل - چۆچەكلىرى، داستان - قىسسىلىرى، ئەلنەغمە - تىياتىرلىرى، تېپىشماق ۋە سۆز ئويۇنلىرى، لەتىپە - چاقچاقلىرى، سەجئە - ئىرسالنامىلىرى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئۆزىگە خاس بەدىئىي - ئىستېتىك ئالاھىدىلىكى ۋە روشەن مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئەقىل پاراسىتى ۋە تارىختىكى شۆھرەتلىك نامىنى جاھانغا نامايىش قىلىپ تۇرىدۇ.

لېكىن، بۇ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ تارىخىي ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈرلۈك شەكىلدىكى يازما خاتىرىلەردە ساقلانغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. مۇتلەق كۆپ قىسمى (ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە) خەلقىمىز ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ داۋاملاشقان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇلارنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىش جەھەتلەردە ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەل-

گەن بولسىمۇ، تارىخ ۋە ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بىزدىن قەدەمنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ پۇختا ئېلىشنى تەلەپ قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىخ كەلتۈرۈپ چىقارغان پەۋقۇلئاددە ۋە جىددىي بىر مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ئومۇمەن ئەسىرىمىزنىڭ 1-، 2- ئەۋلاد كىشىلىرى ئارىسىدا نىسبەتەن مۇكەممەل ۋە ئەسلى ھالىتى بويىچە ساقلىنىپ قالالىغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى، بىزگە ئەڭ كېرەكلىك بولغان قىممەتلىك ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ئەنە شۇ ياشىغان ياكى ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان تەۋەرۈك كىشىلەر بىلەن تەقدىرداش. بۇ مىراسلار ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ زېھنى ۋە خاتىرىسى - سالامەتلىكىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ كۈنسايىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلمەكتە. مۇئەييەن سەۋەبلەر بىلەن 3-، 4- ئەۋلاد كىشىلىرىمىز ئارىسىدا يۈزە ياكى چالا- بۇلا ۋارىسلىق قىلىنىپ بۇزۇلماقتا. ھەتتا دىلىمدا ساقلاپ كەلگۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە «رەھمەتلىك» بولۇشماقتا. چەت يېزا ۋە تاغلىق رايونلاردىكى ئەنئەنىۋى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا، بىر قەدەر ئەينەن ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن نۇرغۇنلىغان يېتۈك خەلق سەنئەتكارلىرى ئىلگىرىكى نامۇۋاپىق تۈزۈم ۋە بېكىك مۇھىتتا ئېتىبارسىز ۋە پىنھان ياشىغان بولسا، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ نۇرغۇنلىرى بايقالماي ياكى دىلغۇللۇقتىن قۇتۇلالماي ھاياتىنى نام - نىشانسىز ۋە ئارمانلىق ئاخىرلاشتۇرغان ياكى ئاخىرلاشتۇرماقتا. بۇ ئەھۋال بىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يوقىلىپ كېتىش خەۋپىدە تۇرغان ئەنئەنىۋى بايلىقلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش، چوقۇم ئىلمىي ئۇسۇلدا توپلاش ۋە رەتلەش، نەشر قىلىپ كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ھەم تەخىرسىز بولغان خىزمەتتۇر. بولۇپمۇ ھەم تېز، ھەم كۆپلەپ قېزىش، ئىشنى يىراقتىن يېقىنغا، يېزىدىن شەھەرگە قارىتىپ ئېلىپ بېرىش- مۇشۇ ساھەدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى، ئاساسىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بايلىقلارنىڭ كۆپلىكىدىن ماختىنىپ ئولتۇرۇش ئەمەس، بەلكى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇ ئاساستا ئۇنى زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئەنە شۇنداق كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى ئارقىلىق بارلىق ئىلىم - پەن تەتقىقاتىنى مۇھىم ماتېرىيال جۇغلانمىسى بىلەن تەمىن ئەتكىلى، مىللىي تىل ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى كاپالەتلەندۈرگىلى، ئەڭ ئاخىرىدا ئېلىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتى ناھايىتى جاپالىق، مۇرەككەپ ۋە نازۇك بىر خىزمەت. ئۇ، كىشىلەردىن مول ۋە ئەتراپلىق ئىجتىمائىي بىلىم، يېتەرلىك كەسپىي ئىقتىدار، ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى ھەمدە كۈچلۈك پەرقلەندۈرۈش ماھارىتىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ساغلام ئىدىيىۋى كەي-

پىيات، ئالىيجاناب ئەخلاقى - پەزىلەت، خەلق ئاممىسى بىلەن ئاسان چىقىشالايدىغان ياخشى ئىستىل ۋە ئىلمىي، مۇلايىم، سەممىي پوزىتسىيىسىنىڭ بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىزىدىن مېڭىپ، خەلقىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك بايلىقىنى توپلاش ۋە رەتلەش ئىشىنى ياخشى ھەم تەلەپكە لايىق ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىنىڭ ئىلمىي قائىدە - پرىنسىپلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئەمەلىي خىزمەتلەرنى شۇ ئاساستا ئىشلىشىمىز لازىم. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشنىڭ ئاساسلىق قائىدە - پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكى بەش نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) پۇختا پىلانلاش. ئادەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەشنىڭ مەقسىدى - ئىمكان بار كۆپرەك قېزىش، ياخشى رەتلەپ نەشر قىلىپ، كەڭ تارقىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ۋەزىپە، نىشان ۋە كونكرېت نۇقتىلارنى ياخشى بېكىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ئالدىن ئىگىلەنگەن ئەھۋاللار ۋە يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن پۇختا بىر لايىھە ۋە پىلان تۈزۈپ چىقىلمىسا، قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلىشتىن، بىھۇدە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ۋە ئىقتىسادنى زايا قىلىشتىن ساقلانغىلى، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

2) ئۇمۇمىيۈزلۈك توپلاش. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە كوللېكتىپ ھالدا، ئېغىز ئارقىلىق ئىجات قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە كوللېكتىپ ھالدا، ئاساسەن ئېغىز ئارقىلىق تارقىلىشى ئۇنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن كۆپ خىل، مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەر قايسى دەۋر ۋە ھەر قايسى رايونلاردىكى خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تەربىيىلىنىشى، ئەقلىي ئىقتىدارى، سىنىپىي ئايرىمىسى، ئوخشاش تىپتىكى ئەسەرلەرنى ئەستە تۇتۇشى، ئېيتىش سەنئىتى، ئىپادىلەش ماھارىتى، ئۇسلۇبى، شەرت-شارائىتى ۋە تىل-شىۋىلىرى جەھەتلەردە پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاش تىپتىكى ئەسەرلەرمۇ ئوخشىمىغان ۋارىيانتلاردا تارقالغان. قانداقلا بولمىسۇن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى خەلقنىڭ جانلىق بەدىئىي تارىخى، دىنىي ۋە پەلسەپىۋى، كىتابى، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئاددىي ھەم ئەڭ ھەقىقىي سۈرىتى، خەلقنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى بىلىم قامۇسى، شۇڭا ئۇ ھەم چەكسىز، ھەم ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. شۇنداقكەن مەيلى قايسى دەۋردىكى، قايسى رايوندىكى، قايسى مىللەتنىڭ، قايسى تەبىقىنىڭ، قانداق مەزمۇن، قانداق شەكىل، قانداق ھەجىمدىكى ئەسىرى بولسۇن، مەيلى دېھقانلار، ئىشچىلار، ئەسكەرلەر، زىيالىيلار، سودىگەرلەر، كاسىپلار، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە دىنىي ساھە كىشىلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان ياكى تارقالغان ئەسەرلەر بولسۇن، مەيلى تولۇق ياكى پارچە - پۇرات بولسۇن، مەيلى مېغىزى ياكى شاكىلى بولسۇن، ھەتتا، شۇ سەنئەتكار، شۇ ئەسەر،

شۇ جاي، شۇ ۋاقىت، شۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر قانداق قوشۇمچە ماتېرىياللارمۇ قالدۇرۇلماي تولۇق توپلىنىشى لازىم. شۇ چاغدىلا رەتلەش خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا، ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ كۆپ تەرەپلىمە، باي ماتېرىياللار جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مانا بۇ ئومۇميۈزلۈك توپلاشتۇر.

3) ئەينەن خاتىرىلەش. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ ئەمگىكى، تۇرمۇشى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى، خەلق ئاممىسى كوللېكتىپ ياراتقان، كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق قىلغان ۋە كوللېكتىپ پايدىلانغان ئەڭ ئېھتىياجلىق بايلىق. ئۇ، خەلقنىڭ باشقا ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرى ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ گىرەلەشكەن ھالدا خەلق تۇرمۇشى، ئىدىيىسى، ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈرەشلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك بەدىئىي خاتىرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا، يېقىن ھەم ھەققانىي ھەمراھىغا ئايلىنىپ كەتكەن. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ماھىيەتتە خەلققە، خەلق تۇرمۇشىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتىگە قانداق ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسىدۇر. شۇڭا بىز ئەسلىگە سادىق بولۇشنى، توپلاشتا ئەينەن خاتىرىلەشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

بىز خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتىنى، ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادلىرىنى، ئىچكى ھالەتلىرى ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى، مىللىي ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرىنى، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە غايىۋى دۇنيا توغرىسىدىكى ئىدىيە، تەسەۋۋۇرلىرىنى، تىل ۋە سەنئەت تەرەققىياتىنى... تەتقىق قىلىشىمىز ۋە توغرا يورۇتۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن، ئەسلى قىياپىتى بىلەن خاتىرىلەنگەن، ھېچقانداق ئۆزگەرتىش ۋە پەرداز بېرىلمىگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە مۇھتاج بولماي قالمايمىز. پەقەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى خەلقنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىققان بولسا شۇ بويىچە سۆزمۇ سۆز، جۈملىمۇ جۈملە خاتىرىلەپ ماڭغان ۋاقتىمىزدىلا ئەينەنلىك پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ۋە رەتلەش خىزمىتىنىڭ تەلەپكە لايىق بولۇشىنىمۇ ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان بولىمىز.

4) ئەستايىدىل رەتلەش. بىز ئومۇميۈزلۈك توپلاش جەريانىدا بىر ئەسەرنىڭ پەرقلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان بىر قانچە خىل نۇسخىسى ( ۋارىيانتلىرى ) غا ئىگە بولۇشىمىز تۇرغان گەپ. بۇلار بىر - بىرىدىن ئوخشاشمىغان دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرغاچقا ھېچقايسىسى شۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى ھالىتى ياكى تۈپ شەكلى بولالمايدۇ. بىزنىڭ ئەسەرنىڭ « ئەسلى ھالىتى » دېگىنىمىزمۇ سۆزلىگۈچىنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىققان بولسا، شۇ بويىچە خاتىرىلەنگەن تۇنجى خاتىرە نۇسخىنىلا كۆرسىتىدۇ. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى رەتلەش باسقۇچى ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم باسقۇچ بولۇپ، رەتلىگۈچىدىن زور تالانت ۋە ئەقلىي ئەمگەك سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەستايىدىل رەتلەش دېگىنىمىز، توغرا مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلدا، ئومۇم-

يۈزلۈك توپلاش ۋە ئەينەن خاتىرىلەش ئاساسىدا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ۋە مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش، خەلقنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئەسەرنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش شەرتى ئاستىدا قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئەڭ مۇكەممەل بولغان بىر خىل مۇقىم نۇسخىسىنى مەيدانغا چىقىرىش دېگەنلىك. بۇنداق رەتلەش ئومۇمەن نەشر قىلىپ كىتابخانلارغا تارقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان بولۇشقا، شۇ ئەسەرنىڭ ھەر قايسى رايونلاردىن، ھەر قايسى سەنئەتكارلاردىن يېزىپ كېلىنگەن بارلىق نۇسخىلىرى ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققىشتىن باشقا، ئىلگىرى رەتلىنىپ نەشر قىلىنغان شۇ تىپتىكى ۋە شۇنىڭغا يېقىن بارلىق ئەسەرلەر بىلەنمۇ پىششىق تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا يەنە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدىكى، ئورتاق ئەدەبىي تىل بىلەن خەلقنىڭ جانلىق تىلى ۋە يەرلىك شىۋىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ نازۇك تەرەپلەرگىچە پەرق ئېتەلەيدىغان قابىلىيەتنىڭ بولۇشى، شۇ رايون ۋە شۇ دەۋردىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى، ھېسسىياتى، تەبىئىي مۇھىتى ھەمدە شۇ سەنئەتكارنىڭ نەسەبى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ شەخسىيىتى توغرىسىدىمۇ تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى زۆرۈر. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، ئەسلىگە سادىق بولۇش دېگەنلىك، ئەسلى نۇسخا بىلەن ئوپ - ئوخشاش بولسۇن دېگەنلىك ئەمەس. قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش دېگىنىمىز، خالىغانچە قوشۇشقا، ئېلىۋېتىشكە بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بۇ خىزمەت خۇددى توپا ئاستىدىكى ئالتۇننى قېزىپ ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى يېپىشقاق لاي ۋە كىرلارنى سۈرتۈپ چىقىرىۋېتىپ ئەسلىدىكى پارقىراق ۋە پاكىز سىياقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندەك، چېچىلىپ ياتقان ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى تېرىپ ئەكىلىپ، يىپقا ئۆتكۈزۈپ چىرايلىق بىر زۇننار قىلىپ چىققانغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئەسەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن كونكرېت ئۇسۇل - چارىلەرنى تېپىپ قوللىنىش لازىم. ھازىر نەزەرىيە ساھەسىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئۈچ خىل رەتلەش ئۇسۇلى بار: (1) مۇستەقىل رەتلەش ئۇسۇلى: خاتىرە ئورىگىنالىنىڭ پەقەت بىرلا خىل نۇسخىسى بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭ ئاساسى ياخشى، پايدىلىنىش قىممىتى بار دەپ قارالغا بولسا، ئۇنى يېزىق جەھەتتىنلا زۆرۈر رەتلەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، باشقا جەھەتتىن تەگمەي شۇ پېتى قالدۇرۇش — مۇستەقىل رەتلەش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل رەتلەش ئۇسۇلى ئاسان بولغىنى بىلەن پەقەت قىسقا ھەجىملىك ئەسەرگىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ. (2) ئومۇملاشتۇرۇپ رەتلەش ئۇسۇلى: بۇ خىل ئۇسۇل رەتلىگۈچىنىڭ قولىدا ئوخشاش مەزمۇندىكى خاتىرە ئورىگىناللاردىن بىر قانچە نۇسخا بولۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەلۇم ئارتۇقچىلىقى ھەم كەمچىلىكى بولغان، پەقەت بىرسى بىلەنلا ئەسەرنىڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى شەكىللەندۈرگىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئەڭ ياخشى خاتىرە ئورىگىناللاردىن بىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ كەم - كۈتا جايلىرىنى باشقا خاتىرە ئورىگىناللىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن تولۇقلاپ، ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇكەممەل بولغان نۇس-

خىسىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. (3) شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى: بۇنىڭدا بىر ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر قانچە ئەسەرلەر ئىچىدە مېغىزى بىلەن شاكىلى تەڭ مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، مېغىز قىسمىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ نەشىر قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان ئەسەرلەر رەتلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇشقا، ئاۋۋال ئوبدان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ياخشى پەرق ئېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

5) قىسمەن رەتلەپ ئارخىپ قىلىپ ساقلاش. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىچىدە تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر — خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، دىنىي جەھەتتىكى چەكلىمىلىكى، كونا ئادەت كۈچلىرى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن ھەمدە مەلۇم دائىرىدە تارقىلىپ يۈرگەن نەرسىلەرمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۆكۈمران گۇرۇھ، سىنىپ، تەبىقىلەرنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان- توقۇلغان ئەسەرلەر ياكى تەركىبلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلارغا تەنقىدى مۇئامىلە قىلىش كېرەك. لېكىن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتى يوق ئەمەس. ھەتتا بەزىلىرى بەدىئىيلىك جەھەتتىن خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەھمىيىتى زور. مەسىلەن: ئىسلام غازاتلىرى ۋە ئىمام - سەركەردىلەرنى تەسۋىرلەيدىغان دىنىي قىسسە - جەڭنامىلەرنى، سوپى - ئىشانلارنىڭ خانىقالاردا جەرە سالا سېلىپ ئېيتىدىغان ھۆكمەت - مۇناجاتلىرىنى، دىۋانە - ھاپىزلارنىڭ ساپايى نەزمىلىرىنى ئەنە شۇلار قاتارىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن. بۇنداق نەرسىلەرنى تۈرلۈك سەۋەبلەردىن ئەلۋەتتە نەشىر قىلىپ كەڭ تارقىتىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنى پەقەت قىسمەن رەتلەپ، تۈرلۈك پەن تەتقىقاتى ساھەسىدە پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىچكى جەھەتتىن كۆپەيتىپ تارقىتىش ياكى ئارخىپ قىلىپ ساقلاشلا كۇپايە. ئۇنىڭدىن باشقا رەتلەشتىن ئۆتۈپ بولغان بارلىق خاتىرە ئورىگىناللىرىنىمۇ، ۋاقتىنچە رەتلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان خاتىرە ئورىگىناللىرىنىمۇ ئارخىپلاشتۇرۇپ ساقلاش لازىم. مۇمكىن بولسا، مۇزېيلاردا مەخسۇس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بۆلۈمى تەسىس قىلىشقا، ھەتتا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ياكى فولكلور مۇزېيى قۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىدە يۇقىرىقىدەك پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئۇسۇل ۋە چارىلارنى جانلىق ئىشلىتىشكە، ئالاھىدە ئەھۋاللارغا ماسلىشىپ ئىشلەشكە، ھەر قايسى تۈر ۋە ژانىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ پەرقلىق ئۇسۇللارنى تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى دەۋر ئەپسانە - رىۋايەتلىرى كۆپىنچە ھەرخىل قولىيازمىلاردا — تارىخىي، بەدىئىي، دىنىي، تەزكىرە ۋە رىسالە خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە ساقلانغان ياكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. ئۇلار پارچە - پۇرات، خاراكتېرى ئوخشىمىغان مەنبەلەردە ساقلانغاچقا، ئۇلارنى توپلاش ۋە رەتلەشتىمۇ ئۆزىگە خاس يول تۇتۇلۇشى لازىم. چوڭ ھەجىملىك داستان - قىسسىلەر مەخسۇس كۈچ ئۇيۇشتۇرۇشنى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، تارقىلىش دائىرىسىغىچە سۈرۈشتۈرۈپ ئەت-

راپاق قىزىشنى، رەتلەشكىمۇ كۆپرەك ۋاقىت، كۆپ ئىلمىي ـ تەتقىقىي ئەمگەك سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۆچەك، مەسەل تۈرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئاممۇۋى ئاساسىي كۈچ ـ لۈك، ۋارىيانتلىرى كۆپ، ئەقلىي ـ غايىۋى مەزمۇنى باي بولغاچقا، خاتىرىلەش ئوب ـ يېكتىنى ياخشى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ناخشا ـ قوشاق توپلاشتا، تۇرمۇش ۋە ئەمگەكتە خەلق بىلەن بىرگە بولۇش، ئۇلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىشقا توغ ـ را كېلىدۇ. ئۇلارنى تۈرلەرگە بۆلۈشتە كۆپ كۈچ كېتىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر ئۈچۈن مەخسۇس كۈچ ۋە ۋاقىت ئۇيۇشتۇرۇش ھاجەتسىز. پەقەت قەلەم بىلەن خاتىرىنى ياندىن ئايرىماي ئۇچرىغاننى تېرىپ مېڭىش ئۇسۇلىنى قوللانساقلا بولىدۇ.

### ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشكە پايدىسىز بولغان بەزى ئەھۋاللار

بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشتىمۇ يۇقىرىدا بايان قى ـ لىنغان ئومۇمىي قائىدە ۋە پرىنسىپلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولۇق ئەمەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. لېكىن، بۇ پرىنسىپلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ياكى ئوڭۇشلۇق بېجى ـ رىلىشىگە پايدىسىز بولغان بىر قاتار رېئال ئەھۋاللار بار. بۇنىڭ بەزىسىنى بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، بەزىسىنى تارىخ كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭدىن باشقا رايونىمىزنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىۋى شارائىتى، كۆپ مىللەتلىكلىكى، ئاھالىلەرنىڭ نىسبەتەن تارقاق ئولتۇراقلاشقانلىقى قاتارلىق سەۋەب ـ لەرمۇ بار. بۇ جەھەتتىكى بەزى ئەھۋاللارنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىمەن:

1) يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى ساھەسىدە خىزمەتلەر بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، بىر قىسىم ئىلمىي جەمئىيەتلەر، تەت ـ قىقات ئورۇنلىرى، خادىملار يېتىشىپ چىققان ۋە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، بىراق، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق بولغان توپلاش، رەتلەش ئىشى بىر قىسىم ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ تۆۋەنگە چۈشكەن پۇرسىتىدىن پاي ـ دىلىنىپ شۇغۇللىنىپ قويىدىغان، ئاساسىي قاتلاملاردىكى مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ساھە ـ سىدە ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم ھەۋەسكارلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئې ـ لىپ بارىدىغان، مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتى ۋە سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى مۇنا ـ سىۋەتلىك كىشىلەر چولىسى تەگكەندە ئىشلەپ قويىدىغان بىر خىل قوشۇمچە، ئىختىيارىي خىزمەت بولۇپ كەلمەكتە. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق خالىس «تۆھپىكارلار» نىڭ ۋاقىت ۋە باشقا جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلىرى يېتەرلىك بولمىغانلىقى سىرتىدا سەۋىيىسى، تونۇشى ۋە مەقسىتىنىڭ ھەر خىل بولۇشى تۈپەيلىدىن، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇپ، چامى يەتكەن دائىرە ئىچىدە ئىش ئېلىپ بارماقتا.

2) ھازىر بىز ئەڭ مۇھتاج بولۇۋاتقان، تېخى بايقالمىغان، قېزىلمىغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ساقلىغۇچى، قوغدىغۇچى پېشقەدەم سەنئەتكارلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت رايون ـ لاردا، يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدا ياشاۋاتقان قېرى ـ چۆرىلەر بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى چەتكە قېقىلغان ياكى ئەينى يىللاردىكى ھەر خىل بېسىم ياكى تەھدىتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، خىلۋەت يەرلەردە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرىدىن ئامان قالغان بۇ «چۆچەك ئاغىزلىرى» ياكى «ناخشا - قوشاق ئىسكىلاتلىرى» نامۇۋاپىق رېئاللىق، نامۇناسىپ باشلىق، نائادىل سىياسەت ۋە ئەخمىقانە ئىشلارنى پاش قىلغان، مەسخىرە قىلغان «گۇناھ» لىرى ئۈچۈن جىق دەرد - ئەلەم چەككەچكە جىسمانىي، روھىي، ئەقلىي جەھەتتىن ئاجىزلاپ كېتىشكەن. يەنە كېلىپ نۇرغۇنى ئۇزاققىچە سۆزلەشتىن ۋە كۈيلەشتىن، ئوقۇشتىن ۋە توقۇشتىن مەھرۇم قىلىنغاچقا، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن ياكى ئاساسەن ئۇنتۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ۋارىسلىرى بىزنى ئاساسلىق تەمىنلىگۈچىلەر بولسىمۇ، ئارىدا شەكىللەنگەن 20 يىللىق ئۈزۈكچىلىك ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كۆرۈنەرلىك سەلبىي رول ئوينىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۇچراتقان سەنئەتكارلار ئىچىدە شىكەستلەنگەن يۈرىكى تېخىچە ئەسلىگە كېلەلمەي، ھەر خىل شۈبھىلەر ئىچىدە ئىچىدىكىنى تېشىغا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلار خېلى كۆپ ساندا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش تولىمۇ تەس ئىكەن.

3) يېزىلاردا كىنو - تېلېۋىزىيە، رادىئو قاتارلىق مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن بولغان رىقابەتتە بارغانسېرى ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىسلىق ئەنئەنىسىدە روشەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. نەتىجىدە ئەنئەنىۋى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ھازىرقى ئەۋلادلار تەرىپىدىن تولۇق ۋارىسلىق قىلىنىش شەرت - شارائىتىدىن قىسمەن مەھرۇم قىلىنغاچقا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن ياكى كۆرۈنۈۋاتقان، بىزنىڭ ئاساسلىق توپلاش ئوبيېكتىمىز بولۇپ قالىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ۋە ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشى مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچراپ، ئۇلار ئارقىلىق داۋاملاشقان ئەسەرلەر سۈپەت جەھەتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ناچارلىشىپ كەتكەن ياكى ناچارلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

4) چەت رايونلاردىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ساۋاتسىز، ئاڭ جەھەتتىن يەنىلا مۇتەئەسسىپ بولۇپ، زامانىۋى پەن - مەدەنىيەتكە نىسبەتەن پاسسىپ مۇئامىلە قىلىشىدۇ. ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەنە شۇ قاتلامغا تەۋە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ قىزىقىپ ئېيتىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى، رولىنى ئاڭلىق رەۋىشتە چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ توپلاش، خاتىرىلەش خىزمىتىمىزگە تازا ماسلىشىپ بېرەلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ بەزىسىدە «يۇقىرىدىن كەلگەنلەر» دىن تارتىنىدىغان، قورۇنىدىغان، ئېھتىيات قىلىدىغان پىسخىك ھالەت مەۋجۇد بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ كەڭ - كۇشادە سۆزلىشىگە، ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى تولۇق نامايەن قىلىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بۇ جەھەتتىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا بىر نەچچە كۈن ۋاقىت كېتىدۇ.

5) ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى توپلاش، رەتلەش بويىچە پراكتىكا قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى زور. ئەمما بۇ خىل كۆپ ئادەم قاتناشقان توپلاش، رەتلەش پائالىيىتىدىمۇ يەنە بەزى قىيىنچىلىق ۋە چەكلىمىلەردىن خالىي بولۇش تەس. مەسىلەن: قاتناش قولايسىزلىقى، كوللېكتىپ تۇرمۇش ۋە كوللېكتىپ تەشكىلىي ئىنتىزام ئىچىدە ھەرىكەت قىلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن مەلۇم دائىرىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىك، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن ئەمدىلا شارائىت بىلەن تونۇشۇپ، نۇرغۇن يىپ ئۇچى ۋە بۇلاقلارنىڭ كۆزىنى بايقاپ چوڭقۇرلاپ قېزىش باسقۇچىغا كەلگەندە قايتىپ كېتىشكە توغرا كېلىپ قېلىش، خاتىرىلىگۈچىلەرنىڭ ئەسەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، قەلەم كۈچى، يېزىش سۈرئىتى، يېزىقى بىر خىل بولماسلىق، توپلانغان ماتېرىياللارنىڭ خاتىرىلىگۈچى تەرىپىدىن رەتلەنمەسلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن پەيدا بولغان ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولماسلىق قاتارلىقلار.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشتە ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە كۆپرەك قۇتقۇزۇۋېلىش، ياخشى رەتلەش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىمىزنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

6) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ. ئەمما ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىدە خەلقىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك بايلىقلىرىغا توغرا، ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولمايدىغان، بىر تەرەپلىمە ئىش ئېلىپ بارىدىغان ياكى تولىمۇ سەل قارايدىغان بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

(1) ئالدىن ئەھۋال ئىگىلىمەسلىك، تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى، ۋاقتى، ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ئېنىق پىلان ۋە لايىھە تۈزمەسلىك، ئىشخانىدىكى پەرەزگە تايىنىپ ئىش ئېلىپ بېرىش.

(2) خەلققە، خەلقنىڭ بايلىقىغا ھۆرمەت قىلماستىن، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى قوغداش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بۇرچىمىزنى ئۇنتۇپ، چوڭقۇر، ئەتراپلىق قېزىشنى، ئەينەن خاتىرىلەشنى، ئەستايىدىل رەتلەشنى ئاۋارىچىلىق دەپ قاراپ، ئالدىراپ-سالدىراپ قول ئۇچىدىلا ئىشلەش.

(3) يېتەكچى ئىدىيە ۋە يېتەكچى پرىنسىپ جەھەتتىن بىردەك بولماسلىق، ئۆزىگە تېگىدىغان مەنپەئەتنى ۋە قولايلىق بولۇشىنىلا كۆزلەپ ئىش ئېلىپ بېرىش.

(4) بىۋاسىتە خاتىرىلەشنى تەس كۆرۈپ، ھە دېسىلا ئۈنئالغۇغا تايىنىۋېلىش، ئۈنئالغۇدىن تولۇق خاتىرىگە يېزىۋېلىشنى زېرىكىشلىك ھېس قىلسا، ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقارتىپ يېزىۋېلىش.

(5) سەنئەتكارنىڭ ئاغزىدىن چىققانىنىلا خاتىرىلەپ، سۆزلەش، بايان قىلىش ۋە ئورۇنلاش سەنئىتىگە دىققەت قىلماسلىق (كارى بولماسلىق).

(6) سەنئەتكارنىڭ شەخسىي ھاياتى، كەچۈرمىشلىرى، ئۇسلۇبى ۋە باشقا خاسلىقىغا ئائىت خاتىرە قالدۇرماسلىق.

(7) سۆزلەپ بەرگۈچى ھەقىقىي سەنئەتكارلىق سالاھىيىتىگە ئىگىمۇ ـ ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىگە، يەنى ئۇنىڭدا نىسبەتەن مول ھەم ياخشى نەرسىلەر بارمۇ ـ يوق؟ خەلق ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگىمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ شۇ خىل تىپتىكى ئەسەرلەرنى ئېيتالايدىغانلار ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگىمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلە بىلەن ئانچە كارى بولماسلىق.

(8) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىنىلا خاتىرىلەپ، ئۇنىڭ كۆرەك سەھنىسى بولغان ھەر خىل ئېتنىك پائالىيەت شەكىللىرى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن مۇزىكا ئاھاڭلىرى، ئۇسسۇل ۋە ئويۇن ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرماسلىق.

(9) توپلانغان ماتېرىياللارنى رەتلەشنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكە، مۇرەككەپ، جاپالىق، جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتمەي، شۇنداقلا ۋاقىت، ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردىكى شەرت ـ شارائىتنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، توپلانغان نەرسىلەرنىڭ دەرھال كىتاب بولۇپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىش.

(10) توپلانغان ماتېرىياللارنى خۇددى ئالۋاڭ تەرتىپسىدە بىر نەچچە كىشىگە ياكى ئوقۇغۇچىلارغا بۆلۈپ بېرىپ، نوقۇل سان ۋە سۈرئەتنىلا قوغلىشىپ، سۈپەتكە تازا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، شۇنىڭ بىلەن ئەسەرلەرنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك تەركىبلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىش.

مانا بۇلار ئەمەلىي ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن توپلاش، رەتلەش خىزمىتى داۋامىدا بۇ مەسىلىلەردىن ساقلىنىش ناھايىتى زۆرۈر.

---

(بېشى 41 ـ بەتتە)

چىداپ ئىگىلىك ياراتتى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەينى چاغدىكى 600 مىليون خەلقنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى. بىر قانچە قېتىملىق بەش يىللىق پىلانلار ئارقىلىق ئېغىر سانائەتنى، يېنىك سانائەتنى، ئىلىم ـ پەننى، مائارىپنى زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەتتى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن خادىملىرى سەككىز يىل تىرىشىپ، 1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاتوم بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلاتتى. 1974 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بەردى ۋە باشقىلار. دەرۋەقە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت بالايى ئاپەت ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىزنىڭ گۈللىنىۋاتقان ۋەتىنىمىزنى بىر مەھەل نابۇت قىلدى. 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئېلىمىز ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، سانائەتنى، ئىلىم ـ پەننى زور قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈردى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ۋە يەتتىنچى بەش يىللىق پىلان ئارقىلىق ھەر قايسى تەرەپلەردە ئومۇمىيۈزلۈك زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

（1）中国科学院自然科学史研究所近现代科学史研究室编著：《20世纪科学技术简史》 1985年版
（2）杨沛霆：《近代科学技术的继承与发展》 1978年版
（3）[美] 约翰·索斯比特著：《大趋势改变我们生活的十个新方向》 1985年版
（4）《科技导报》1988、1989、1990、1991年全期
（5）《现代科学技术新概念手册》
（6）知《识就是力量》1988、1989、1990、1991年全期

# 1940-يىلىدىن بۇيانقى دۇنيا پەن-تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان

سابىت ھامىت

مۇھەررىردىن: بارلىق پەن-تېخنىكا ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھادىسە. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئۆز ئارا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا پۈتكۈل ئىنسانىيەت پەن-تېخنىكىدىن، جۈملىدىن تەبىئىي پەن خادىملىرى ئىجتىمائىي پەنلەردىن، ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى تەبىئىي پەنلەردىن ئايرىلالمايدۇ.

بىز بۇ ماقالە ئارقىلىق ھازىرقى زاماندىكى بىر تۈركۈم ئالەمشۇمۇل پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كەڭ كىتابخانلارغا جۈملىدىن بۇ ساھە بىلەن ئانچە تونۇشلۇقى بولمىغان قىسمەن ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىغا تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، مەزكۇر ماقالىنى ئېلان قىلدۇق.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىز جۇڭگودا «زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىش، دۇنياغا يۈزلىنىش، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش»نىڭ يېڭى ئۇزۇن سەپىرى باشلىنىپ كەتتى. زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىش — زامانىۋىلاشقان پەن-تېخنىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇنياغا يۈزلىنىش — دۇنيا پەن-تېخنىكا ئېقىمىنى چۈشىنىشىمىزنى، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش — كەلگۈسىنى چۈشىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ سەۋەبلەردىن، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سېلىشىمىز تولىمۇ مۇھىم ھەم زۆرۈر بىر مەسىلە.

XX ئەسىر باشلانغاندىن تارتىپ، دۇنيا پەن-تېخنىكىسى شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، ئاجايىپ ئۇلۇغ نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان پەن-تېخنىكا تارىخىنى ۋاراقلاپ باقساق، كۆز ئالدىمىزدا مۇنداق بىر تۈركۈم مەسىلىلەر نامايان بولىدۇ: ئالدى بىلەن پار ماشىنىسى نەزەرىيە جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 80 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلىي ئىشلىتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئېلېكترو ماتورغا 65 يىل، تېلېفونغا 50 يىل، ئېلېكترون ۋاكۇم لامپىغا 33 يىل، ئايروپىلانغا 20 يىل، نىلونغا تۆت يىل، ئاتوم بومبىسىغا ئالتە يىل، يېرىم ئۆتكۈزگۈچكە ئۈچ يىل، لازېر نۇرىغا ئىككى يىل سەرپ قىلىندى... ۋە باشقىلار. پەن-تېخنىكىدىكى بۇنداق كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەر جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە، جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى

روھىيتى ھەمدە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىگىچە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ماددا، ئېنېرگىيە، بوشلۇق (ماكان)، ۋاقىت (زامان)، ھەرىكەت... چۈشەنچىلىرىدە تۈپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. شۇنداق سەۋەبلەرگە كۆرە پەن - تېخنىكا ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىش ياكى خارابلىشىشىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇش بىلەن بىرگە، ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالدى.

1940 - يىللىرىدىن تارتىپ، پەن - تېخنىكىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە نىسبىيلىك نەزەرىيىسى بىلەن كۋانت نەزەرىيىسىنى چۆرىدىگەن ئىنقىلاب خاراكتېرىدىكى يېڭى نەزەرىيىلەر كەينى - كەينىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن: خىمىيىۋى باغ نەزەرىيىسى ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى، چوڭ پارتلاش نەزەرىيىسى، چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ سىلجىش نەزەرىيىسى...ۋە باشقىلار. بىئولوگىيە ساھەسىدە مولېكۇللا بىئولوگىيىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن ئېرسىيەتنىڭ سىرى ئاشكارىلىنىپ، بۇ ساھەدە دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇۋەپپەقىيەت بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئىنفورماتسىيە، ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە ماتېرىياللار تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تېخنىكا كۈنسايىن تېز يېقىنلىشىپ، 1950 - يىللاردىن كېيىن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، يادرو ئېنېرگىيىسى ۋە بوشلۇق تېخنىكىسى ۋەكىللىكىدىكى 3 - قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى بارلىققا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى توختاۋسىز ھالدا ئالغا سىلجىتتى. ئىشلەپچىقىرىشمۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە پەن - تەتقىقاتى ئۈچۈن مول مەبلەغ يارىتىپ، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ تېزلەتتى.

40 - يىللاردىن بۇيانقى پەن تېخنىكىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. بولغان كۆپ قەۋەتلىك تارماقلىنىش بىلەن ئۇنىۋېرساللاشقان بىرلىشىش بارلىققا كېلىپ، ئۇ، تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەرگە سەۋەب بولدى. كىشىلەرنىڭ ماكرو ۋە مىكرو دۇنياغا بولغان تونۇشى نەچچە ئون ھەسسە ئاشتى. كۆزىتىش ئىقتىدارى ئون مىلياردتىن بىر مېتىر كىچىكلىكتىكى ئاتوملاردىن بىر كلۋادرىلىئوندىن بىر ($10^{-15}$) مېتىر چامىسىدىكى ئېلېمېنتار زەررىچىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىغا چوڭقۇرلاپ كىردى. كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى دىئامېتىرى 100 مىڭ يورۇقلۇق يىلىدىكى (بىر يورۇقلۇق يىلى 9 تىرلىيون 500 مىليارد كىلومېتىرغا تەڭ) سامان يولى سىستېمىسىدىن 20 مىليارد يورۇقلۇق يىلى چامىسىدىكى چەكسىز ئالەمگە كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ئۆزىدىكى تەرەققىيات سەۋەبىدىن تەبىئەت دۇنياسى ئېلېمېنتار زەررىچە، ئاتوم، مولېكۇلىلاردىن ھۆجەيرىگىچە، جانلىقلار ئىندىۋىدىدىن يەر پوستى،ئاسمان جىسىملىرى، ئالەم ۋە باشقا ھەر بىر قاتلاملارغىچە بىر قەدەر چۈشىنىشكە ئېرىشتى.

يەنە بىر تەرەپتىن بىر تۈركۈم گىرەلەشكەن پەنلەر بىلەن ، گىرۋەك پەنلەرنىڭ راۋاج تېپىشى نەتىجىسىدە، ھەرقايسى تارماق پەنلەر ئارىسىدىكى بوشلۇق تولۇقلاندى. بولۇپمۇ مولېكۇلا بىئولوگىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساسەن،فىزىكا پېنى بىلەن ھاياتلىق

پىنى ئوتتۇرىسىدىكى توساق ئېلىپ تاشلاندى. قىسقىسى، ھازىرقى ھەر قانداق بىر چوڭ
تېپتىكى يېڭى تېخنىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى، سىستېمىلاشقان ئۇنىۋېرسال پەن تەتقىقا-
تىدىن ئايرىلالمىدى. 40 - يىللاردىن كېيىنكى پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈچىنچى مۇھىم
ئالاھىدىلىكى شۇكى، پەن - تېخنىكا جەمئىيەتكە يۈزلەندى. بۇ ھال ھازىرقى زامان پەن-
تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى.

ستاتىستىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1895 - يىلى پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئاران
50 مىڭ پەن تەتقىقات خادىمى بار بولۇپ، ئارىدىن 54 يىل ئۆتكەندىن كېيىن 400 مىڭ-
دىن ئېشىپ كەتكەن. ھازىر 3 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يۈز يىلغا
يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 60 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان. 1895 - يىلى پۈتۈن دۇنيا بويىچە
پەن - تەتقىقات ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇل 500 مىڭ فونت ستېرلىڭ بولۇپ، 54 يىل
ئۆتكەندىن كېيىن 2 مىليارد فونت ستېرلىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. يەنى 1895 - يىلدىكى-
دىن 4000 ھەسسە ئاشقان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نەچچە يۈز مىڭ مىل-
ياردتىن ئېشىپ كەتتى. ھازىر پۈتۈن دۇنيا بويىچە كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئېلان
قىلىنغان يېڭى مەزمۇندىكى تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر 14 مىڭ پارچىدىن
15 مىڭ پارچىغا، پايدا يەتكۈزىدىغان ياكى بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قى-
لىدىغان كەشپىيات ماقالىلىرى 900 پارچىدىن 1000 پارچىغا يېتىدىكەن. ھەر بىر
سېكۇنتتا پەن - تېخنىكىغا ئائىت بىرىېڭى كىتاب (يەنى يىلىغا 32 مىليون پارچە) نەشىر-
دىن چىقىدىكەن. نەشرىيات جەھەتتىكى بۇنداق تەرەققىيات بىرقەدەر گۈللەنگەن ھالەت-
تە ئاتالغان بولۇپ، بۇنى XVIII ئەسىردىكى پەن - تېخنىكا بىلەن سېلىشتۇرساق ئاس-
مان - زېمىن پەرق قىلىدۇ.

پەن - تەتقىقات ئىشلىرى گۈللىنىپ، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، تار دائىرىدىن
كەڭ دائىرىگە، يۈزەلىكتىن چوڭقۇرلىشىشقا قاراپ ماڭدى.
بۇرۇن نەچچە مىليونلاپ پۇل كېتىدىغان چوڭ تەتقىقات تۈرلىرى
يوق ئىدى. ھازىر نەچچە يۈز مىليونلاپ پۇل كېتىدىغان تۈرلەر كۆپەيدى. مەسىلەن: ئا-
مېرىكا 1935 - يىلىدىن باشلاپ 1938 - يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا نىلوننى مەخسۇسلاش-
تۇرۇش ئۈچۈن ئاران 230 نەپەر خىمىكنى سەپەرۋەر قىلىپ، 27 مىليون دوللار خەجلىگەن
بولسا، 1942 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ئاتوم بومبىسىنىڭ ياسىلىشىغا 150 مىڭ ئىلمىي
خادىم ۋە مىڭدىن ئارتۇق داڭلىق ئالىملارنى سەپەرۋەر قىلغان؛ 2 مىليارد 300 مىليون
دوللار خەجلىگەن. «ئاپاللو» ئايغا چىقىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا 20 مىڭ كارخانا،
120 ئالىي مەكتەپ (تەتقىقات ئورنى، تەجرىبىخانىلار مۇشۇنىڭ ئىچىدە) تىن
4 مىليونچە خادىمنى سەپەرۋەر قىلىپ، 30 مىلياردچە دوللار سەرپ قىلغان. 50 - يىل-
لاردا قۇرۇلغان ياۋروپا يادرو تەتقىقات مەركىزى بىلەن «1957 - يىلى 7 - ئايدىن
1958 - يىلى 12 - ئايغىچە خەلقئارا يەرشارى فىزىكا يىلى» دەل خەلقئارا تۈس ئالغان
ئەڭ تىپىك پەن - تەتقىقات ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ.

تەجرىبە تەلىپى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، ھا-

زىرقى ئىلمىي تەجرىبىلەر، كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئازۇكلۇق دەرىجىسىۋە ياسىلىش كۆلىمىنى بۇرۇنقى ھالەت بىلەن ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: 1972 - يىلى ئامېرىكا قۇرۇپ چىققان ماس قەدەملىك 500 مىليارد ئېلېكترون ۋولتلىق فىروتون تىزگىنلىگۈچنىڭ يۈگىرىتىش ئاساسىي ئۇلىنىڭ دىئامېتىرى 2000 مېتىر، ماگنىت مەيدانىنى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئېلېكتىر قۇۋۋىتى 100 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، بۇ قۇرۇلمىنى ياساش ئۈچۈن 2 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنغان. يىللىق ئىشلىتىش، ئاسراش پۇلى 70 مىليون دوللارغا يەتكەن.

جەمئىيەتنىڭ ئىلمىيلىشىشى ھازىرقى زامان ئىلىم - پەننىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىدا زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئورگانلىرى پەن - تېخنىكىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى زىچ بىرلەشتۈردى، مەسىلەن: ئامېرىكا بىل تېلېفون شىركىتى 70 - يىللاردا دائىرىسى تولىمۇ زور بولغان «بىل تېلېفون تەجرىبىخانىسى» نى تەسىس قىلدى. بۇ تەجرىبىخانا ئادەتتە 22 مىڭ 500 خادىمنى (بۇلاردىن 3000ى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، توققۇز نەپىرى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر ئىكەن) ياللاپ ئىشلەتكەن. ھەر يىلى سەرپ قىلىدىغان پۇلى 1 مىليارد 600 مىليون دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن. دەرۋەقە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تەجرىبە ئاساسىدا ئاتومنىڭ بۈگۈنكى تۈزۈلۈش مودېلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەنگلىيە كاۋىندىش تەجرىبىخانىسى، پاكىستان ئالىمى ئابدۇسالام باشقۇرۇۋاتقان تىرئېست يادرو فىزىكا مەركىزى قاتارلىق ئۈچ تەجرىبىخانىنىڭ خادىملا بۇنىڭدىن 96 يىل ئاۋۋالقى پۈتۈن دۇنيا پەن - تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي سانىدىن كۆپ بولۇپ، سەرپ قىلىنغان يىللىق خىراجىتى ھەم ئەينى چاغدىكىگە سېلىشتۇرغاندا نەچچە يۈز مىڭ ھەسسە ئوشۇق بولغان.

ئىلىم - پەننىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا سانائىتىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ھەر يىلى 2.5% ، يېزا ئىگىلىكى 5.6% ئېشىپ بارغان. ھازىر ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكى پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللانغان بولۇپ، بىرلا ئەمگەك كۈچى 94 ئادەمنى تولۇق بېقىپ كېتەلەيدىكەن (بىزدە بىر ئەمگەك كۈچى 3.5 ئادەمنى ئاران باقالايدۇ). پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ھەم 30 يىل ئەتراپىدا ئۇزارغان. بۇ خىل ئەھۋال ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەقىقەتەن زور نەتىجە بولۇشقا مۇناسىپتۇر. جەمئىيەتنىڭ ئىلمىيلىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىنىلا ئۆزگەرتىپ قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنى ھەم ئۆزگەرتىپ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىگە ماسلىشىپ، ئۆز تەقدىرىگە ئۆزلىرى خوجايىن بولماقتا.

ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ جىددىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تېخنىكا دەۋرىنىڭ ئالمىشىشى تولىمۇ تېزلەشمەكتە. مەسىلەن:

ئېلېكترونلۇق ھېسابلاشنى ئالساق، 1946 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە بولغان 34 يىل ئىچىدە ئېلېكترون ۋاكۇم لامپا، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ كرىستال لامپا، توپلاشتۇرۇلغان توك يولى، چوڭ كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان توك يولى قاتارلىق تۆت دەۋرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى نۇر - فوتون دەۋرگە قەدەم تاشلىدى.

XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تەبىئىي پەنلەر ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. 70 - يىللارغا كەلگەندە ئىككىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى، يەنى ئېلېكتر ئېنېرگىيە قىلىنىدىغان دەۋر باشلىنىپ، دۇنيا ئىقتىسادى بىر قېتىم زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پات - پاتلا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور كەشپىياتلار بارلىققا كېلىپ تۇردى. 1876 - يىلى بېل تېلېفوننى ئىجاد قىلدى. 1879 - يىلى ئېدىسون لامپۇچكىنى كەشىپ قىلدى. 1895 - يىلى ماركونى ۋە پوپوۋلار ماكسۋېلنىڭ ئېلېكترو ماگنىت نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ، سىمسىز رادىئو ئالاقىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. 1910 - يىلى ئامېرىكىدا تۇنجى رادىئو ئاڭلىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

1957 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بەردى. 1958 - يىلى ئامېرىكىدا توپلاشتۇرۇلغان توك يولى ياسالدى. 1960 - يىلى لازېر نۇرى كەشىپ قىلىندى ۋە باشقىلار. ئومۇمەن ئىككىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى مۇشۇ ئەسىرگە ئۆتكەندىن كېيىن كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى مونوپول كاپىتالىزمغا ئايلاندۇردى. 1900 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا پولاتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 26.4 ھەسسە، كۆمۈر 6.8 ھەسسە، نېفىت 148 ھەسسە، ماشىنا 4240 ھەسسە ئاشتى. گەرچە XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلغان ۋە بىر قىسىم زور ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن دۇنيا ئىقتىسادى يەنىلا زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ھەممىمىزگە ئايانكى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئايروپىلان، تانكا، پاراخود قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئۇرۇش بولغانلىقتىن ئىككى تەرەپتىن 30 مىليون ئەسكەر، 10 مىليونچە پۇقرا ھالاك بولدى، 270 مىليارد دوللارغا توغرا كەلگىدەك ئىقتىساد ۋەيران قىلىۋېتىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئايروپىلان ئەڭ زور رول ئوينىدى. سوقۇش قوراللىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ بەردى. 1944 - يىلى 6 - ئايدا ئامېرىكا - ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئەنگلىيە بوغۇزىنى توغرا كېسىپ قۇرۇقلۇققا چىقىش جېڭىدە پەقەت ئامېرىكىلا 10 مىڭدىن كۆپ ئايروپىلان يىغدى. بۇلاردىن سوقۇش ئايروپىلانلا 8 مىڭدىن ئاشىدۇ. بىر قېتىم بومبا تاشلاشقا 1000 ئايروپىلان ئىشقا سېلىنغان. 1945 - يىلى 4 - ئايدا سوۋېت ئارمىيىسى بېرلىنغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە 8400 دانە ئايروپىلاننى توپلاپ، 91 مىڭ 384 قېتىم بومباردىمان قىلىپ، 14 مىڭ 528 توننا بومبا تاشلىغان. دۈشمەن ئايروپىلانىدىن 1166 نى ئېتىپ چۈشۈرگەن. ئامېرىكا 1945 - يىلى 7 - ئايدا ئۈچ دانە ئاتوم بومبىسىنى ياساپ چىقتى. بۇنىڭدىن بىرىنى سىناق ئۈچۈن ئىشلەتتى. «بوۋاق» ناملىق بومبىنى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ياپونىيىنىڭ خىروسوما ئارىلىغا تاشلاپ، ھەيۋەتلىك، چوڭ، گۈزەل بىر شەھەرنى چاقماق تېزلىكىدە خارابىلىققا ئايلاندۇردى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇرۇش-ئىنسانىيەتكە چەكسىز بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. لېكىن ئۇرۇش سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن رىقابەت بەزى تەرەپلەردە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. مەسىلەن: بۇرۇن بىر دانە رادار سىستېمىسىنى ئىككى چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى ئاران سۆرەپ ماڭالايتتى، سىلكىنىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كاشىلىمۇ كۆپ كۆرۈلەتتى. 1948 - يىلى يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك كرىستال لامپا ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن ۋە 1958 - يىلى توپلاشتۇرۇلغان توك يولى ياسالغاندىن كېيىن، رادار ئىستانسىسى بىرلا ئادەم يۈدۈپ ماڭالايدىغان دەرىجىگە كەلدى. بولۇپمۇ ئالەمگە ئۇچۇشتا ياكى راكېتا قويۇپ بېرىشتە ئۈنۈملۈك يۈكنى 500 گرام كېمەيتكىلى بولسا، ئىتتىرىش ئۈچۈن سەرپ بولىدىغان ئېنېرگىيىنى بىر توننا كېمەيتىشكە بولىدۇ. ئاتوم بومبىسى ئۇرۇش رىقابىتى سەۋەبىدىن ياسالدى، ئېلېكرونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ھەم ئۇرۇش رىقابىتى سەۋەبىدىن ياسالدى. V - 2 تىپلىق راكېتا ھەم شۇنداق بولدى...

ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىغا نەزەر سالساق، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئامېرىكا قوشۇنى ئىچىدىكى ئىككىرىت بىلەن مانچىلى قاتارلىقلار ئىنتايىن مۇرەككەپ باللىستىكا (ئوق يوللىرى) مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 1946 - يىلى 2 - ئايدا ئېنىئاك دەيدىغان ۋاكۇم لامپىلىق تۇنجى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى قوراشتۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭغا 18 مىڭ 800 دانە ۋاكۇم لامپا، 70 مىڭ دانە قارشىلىق، 10 مىڭ دانە كوندېنساتور، ئالتە دانە ئۆلۈغۈچ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 30 توننا، ھېسابلاش تېزلىكى سېكۇنتىغا 5000 قېتىم، (ئادەم ھېسابلىغانغا قارىغاندا 8 مىڭ 400 قېتىم تېز) بولغان. ھازىر ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگراملا، ھېسابلاش تېزلىكى نەچچە مىليون قېتىم سېكۇنتتىن ئېشىپ كەتتى.

ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى 1970- يىلىدىن بۇيانقى مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئوپتىك تالالىق ئالاقىلىشىش، بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى، دېڭىز - ئوكيان قۇرۇلۇشى، ماشىنا ئادەم، ئالەمگە ئۇچۇش تېخنىكىسىنى چۆرىدىگەن 3 - قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابىدا ئورتىكىلىك رول ئوينىماقتا. ئۇ ھازىر دۆلەت مۇداپىئەسى ئىلمىي تەتقىقاتى، سانائەت، ئاۋىئاتسىيە، راكېتا، باشقۇرۇلىدىغان بومبا، يەر شارى سۈنئىي ھەمرالىرى، ئالەم كېمىلىرى... قاتارلىقلارنى ھېسابلاش، باشقۇرۇش، سانائەت سىستېمىسىدىكى ئاپتوماتىك باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش، سودا تارماقلىرىدىكى سانلىق ھېساۋات، ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بېرىش، ماشىنا ئادەملەرنى باشقۇرۇش، تەرجىمانلىق... قاتارلىق 2 مىڭ خىلدىن ئارتۇق ئىشلارنى بېجىرىشكە ئىشلىتىلىدۇ. شۇنى ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ ھازىرقى زامان سانائىتى، دۆلەت مۇداپىئەسى، ئىلمىي تەتقىقات ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدۇ، بىلىق سۇدىن ئايرىلالمىغاندەك، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ھەم ھېسابلاش ماشىنىسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدا كىچىكلىتىش بىلەن ئىشىنىشچانلىق دەرىجە

سىنى ئاشۇرۇش ۋە ھېسابلاش سۈرئىتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش مۇھىم نۇقتا بولغانلىقتىن،
مىكرو دولقۇنلۇق توپلاشتۇرۇلغان توك يولى بىلەن چوڭ تېپتىكى توپلاشتۇرۇل-
غان توك يولىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىنماقتا. 1980 - يىلى قەغەزدەك
قېلىنلىقتىكى بىر كۋادرات سانتىمېتىر كىرىمنىي يۈزىگە ئۈچ قۇتۇبلۇق لامپا، ئىككى
قۇتۇبلۇق لامپا، قارشىلىق كوندېنساتورلار بولۇپ، 80 مىڭ دانە زاپچاس ئىچكى جە-
ھەتتىن بىر گەۋدە قىلىنىپ ئۇلانغان ئۇلترا چوڭ تېپتىكى توپلاشتۇرۇلغان توك يولى
قوراشتۇرۇلدى. ياپونىيە پەن - تېخنىكا ئورگانلىرى بىر يۈرۈش تېلېۋىزىيە ئىستانى-
سىنى تۈگمىدەك چوڭلۇقتا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، دەسلەپ-
كى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازاندى. ئۇلار بۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى ئاغرىق
ئادەمگە كاپ ئەتكۈزۈپ، پۈتكۈل ئىچكى ئەزاسىنى تېلېۋىزور ئارقىلىق كۆزىتىپ، كې-
سەلنى داۋالىماقچى. ياپونىيىنىڭ سەنيو ئېلېكتر شىركىتى يېقىندا ئېكرانىنىڭ كەڭلى-
كى ئالتە سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 5.1 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.75 سانتىمېتىر كېلىدىغان
سۇيۇق كرىستاللىق رەڭلىك تېلېۋىزورنى ياساپ چىقتى. ئامېرىكىمۇ پوچتا ماركى-
سى چوڭلۇقىدا «كۆز» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تېلېۋىزورنى ياساپ چىقتى. ئۇنى
كۆزەينەككە ئوخشاش كۆزگە تاقىۋالغاندا، ئۇنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى 60 سانتىمېتىر
يىراقلىقتىكى 12 دىيۇم (سۇڭ) لۇق تېلېۋىزورنىڭكى بىلەن باراۋەر كېلىدۇ.

ھازىر ئۇلترا توپلاشتۇرۇلغان توك يولى بىلەن بىر قاتاردا جىددىي تەتقىق قىلى-
نىۋاتقىنى قاتتىق جىسىملىق مىكرو دولقۇنلۇق لامپا بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدا گاللىي ئارسېن
ماتېرىيالىنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش چارىسى تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. يەنى ھەر
سانتىمېتىر كۇب ھەجىم ئىچىدە گاللىي ئارسېننىڭ ھەر يۈز تىرىليون ئاتومىغا باشقا
ئېلېمېنتلارنىڭ بىر دانە ئاتومى توغرا كەلگەن ماتېرىيالنى تەييارلاپ، بۇ ماتېرىيال
ئارقىلىق ياسالغان لامپىنى رادارغا ئىشلەتكەندە، ئايروپىلاننىڭ قىياپىتىنىلا ئەمەس،
ھەتتا ليوتچىكنىڭ رەڭگىنىمۇ تولۇق كۆرگىلى بولىدۇ، بىراق بۇ خىل ماتېرىيال تېخى
مەھسۇلاتلاشتۇرۇش سەۋىيىسىگە يەتكىنى يوق.

1989 - يىلى ئامېرىكا دۆلەتلىك ئىلىم - پەن قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغان-
لىقىنىڭ 25 يىللىقى خاتىرىلەنگەندە، ئۇلار 25 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ داڭلىق نەتىجىلەرنى
تاللاپ چىقىشنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنىڭ بىر مەزمۇنى قىلغان. شۇڭا ھەر قايسى
كەسپىي تارماقلار ئەھمىيەتلىك كەشپىيات، زور يېڭىلىق دەپ كۆرسەتكەن 340 تىن كۆپ-
رەك كەشپىيات ئىچىدىن ئايغا چىقىش، ھەر خىل ئىشلىنىشلىك سۈنئىي ھەمرالار، مىكرو
لۇق بىر تەرەپ قىلىش ماشىنىسى، ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ياردەمچى لايىھىسى (CAD)
ۋە ياردەمچى ياسىغۇچ (CAM)، سېپتى (سۈرەتكە چۈشۈرۈش CAT ئاپپاراتى)، ئالىي
سورتلۇق بىرىكمە ماتېرىيال، چوڭ تېپتىكى رېئاكتىپ پاسسىپ ئايروپىلانى، لازېر ئەس-
ۋابى، ئوپتىك تالالىق ئالاقىلىشىش، ئىرسىيەت قۇرۇلۇش مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ئون
تۈر ئەڭ چوڭ نەتىجە قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ زور نەتىجىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلىم-
پەن تەرەققىياتىغا، ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىرى بار،

ئەلۋەتتە، بۇ نەتىجىلەرگە نەزەر سالساق، «ئاپوللو» ئايغا چىقىش پىلانى غايەت چوڭ
سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلىم - پەن تېخنىكا دائىرى-
سى، تېخنىكىلىق مۇرەككەپلىك دەرىجىسى ئىلگىرىكى ھەر قانداق بىر ئىلمىي قۇرۇلۇش-
تىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇنىڭدا ساتورىن V ئۈچلەمچى توشۇغۇچى راكېتا ئىشلىتىلگەن.
«ئاپوللو» پىلانى جەريانىدا راكېتا (ئايغا چىقىش كېمىسى) دىن 12 يۈرۈشى مۇۋەپپە-
قىيەتلىك ھالدا قويۇپ بېرىلدى. ئاپوللودا قاپلاش يۈزى چوڭ ، ئىشەنچلىك دەرىجى-
سى يۇقىرى بولغان يول باشلاش سىستېمىسى ئىشلىتىلدى. ئايغا چىقىش كېمىسىگە ، نا-
چار شارائىتتا چىداشلىق بېرەلەيدىغان بىر پۈتۈن يېڭىچە باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورۇن-
لاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەر قېتىم ئايغا چىقىشتا، باشقۇرۇش مەركىزىدە ئىشلەيدىغان خا-
دىملارنىڭ سانى 450 دىن ئاشقان. يەنە 7 مىڭ خادىم ، توققۇز دانە پاراخود، 54 دانە
ئايروپىلان دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پونكىتلاردا ئىشلەي-
دىكەن. «ئاپوللو» ئايغا چىقىش پىلانى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئاساستا، ئۇچ-
قۇچىسىز ئۇچار كېمىلىق كۆزەتكۈچلەر قۇياش سىستېمىسىنىڭ بارلىق پىلانېتلىرىنى ھەم-
دە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ھەمراھلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى.

چوڭ تىپلىق ئادەم توشۇش رېئاكتىپ ئايروپىلانىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ، دەۋرىمىز-
دىكى بىر چوڭ بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئايروپىلاندا بىر يۈرۈش زامانىۋى تېخنى-
كا قوللىنىلغان. ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى ياخشى ، شاۋقۇنى تۆۋەن، تەننەرقى ئەرزان، ماي-
نى 20 - 25 پىرسەنتلەرگىچە تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئا-
لىملار ئۇنىڭ ھازىرقى 400 توننا ئېغىرلىقىنى 450 تونىنغا، ئادەم ئولتۇرۇش سىغىمچان-
لىقىنى 450 تىن 600 گە، يەرگە قونمىغان ئەھۋالدىكى ئۇچۇش مۇساپىسىنى 130 مىڭ
كىلومېتىرغا يەتكۈزمەكچى.

كىشىلەر ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يورۇقلۇقنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى
ئارقىلىق مولېكۇلا، ئاتوم ۋە ئېلېكتروننىڭ يۇقىرى تېزلىكتىكى ھەرىكىتىنى مۇھا-
كىمە قىلىشنى خىيال قىلىشقان ياكى ئۇنىڭدىكى غايەت زور ئېنېرگىيە ئارقىلىق تانكا،
ئايروپىلان ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى يوقىتىشنى ئارزۇ قىلىشقانىدى. 1960 - يىلى
لازېر ئەسۋابى كەشىپ قىلىنىپ ، ھازىر ئىشلىتىش دائىرىسى ئەينى چاغدا كىشىلەر
خىيال قىلغانىدىكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى: دوختۇرخانىلار ئۇنى ئوپېراتسىيە
پىچىقى قىلىپ ئىشلەتمەكتە، تولۇق سىگناللىق رەسىمگە ئېلىش ئىشقا ئاشتى. ئۇنىڭ
يۆنىلىشچانلىقىدىن پايدىلىنىپ، بىنالار، تۇرۇبا يوللىرىنى، تونېللارنى ۋە يەرنىڭ ئې-
گىز-پەسلىكىنى توغرىلاش ۋە ئۆلچەشلەر ئېلىپ بېرىلدى. كىشىلەر لازېر ئىمپۇلسى ئار-
قىلىق يۇقىرى تېزلىكتىكى مولېكۇلا، ئاتوملارنىڭ مىليون گرادۇسلۇق ئىسسىقلىق ياد-
رو رېئاكسىيىلىرىنى ۋە خىمىيىۋى رېئاكسىيىلىرىنى كۆزەتمەكتە . لازېر ئارقىلىق يەنە
جىسىملارنىڭ ئاستا ھەرىكىتىنىمۇ ئۆلچىمەكتە. ئۆي تېمپېراتۇرىسىدا ئىشلىتىلىدىغان يېرىم ئۆت-
كۈزگۈچلۈك لازېر ئەسۋابى ئارقىلىق، ئوپتىك تالا بىلەن تارقىتىلىدىغان چاستوتا بارلىققا

كەلتۈرۈلۈپ، ئوپتىك تالالىق كابېلنى ئۇزۇن مۇساپىلىق تېلېفونغا ئىشلىتىشكە كىرىشىلدى. كىشىلەرنىڭ ھازىرقى مۆلچىرىچە، لازېر ئەسۋابى يېقىن كەلگۈسىدە تىببىي ساھەدە كۆپرەك ئىشلىتىلىشى مۇمكىن.

ئوپتىك تالالىق ئالاقىلىشىش: ئوپتىك تالا ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى ئەۋەتىشكە بولۇشى، يورۇقلۇق دولقۇنىنىڭ چاستوتىسى رادىئو دولقۇنىغا قارىغاندا (مىس سىمدىكى رادىئو دولقۇنىغا قارىغاندا) كۆپ يۇقىرى بولغانلىقىدا. ئوپتىك تالالىق تېلېفون كابېلىدا ئىنفىرا قىزىل لازېرنىڭ چاستوتىسى تەخمىنەن 100 مىليون مېگاگېرتىس بولغانلىقتىن، ئادەتتىكى چاستوتىسى تېزگىنلەنگەن رادىئو سىگنالىدىن 100 مىليون ھەسسە، تېلېفوندىكى سىگنالدىن 100 مىليارد ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا ئارىلىقتىكى پونكىتلارسىزمۇ نۇر ئىمپۇلسىنى يىراق ئوپتىك تالاغا ئۆزىتىپ بېرەلىگەنلىكتىن، ئوپتىك تالالىق ئالاقە مۇمكىن بولىدۇ.

ئوپتىك تالالىق كابېلدا ئەگەر بىر ۋاقىتتا بىر نەچچە خىل ئوخشاش بولمىغان چاستوتىلىق نۇر ئىمپۇلسى ئارقىتىلغاندا ئوپتىك تالانىڭ تارقىتىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ بىر قانچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولاتتى. لېكىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى سەۋەبىدىن بۈگۈنكى ئوپتىك تالا سىستېمىلىرىنىڭ كۆپى پەقەت بىر خىل چاستوتىلىق نۇر سىگناللىرىنىلا ئۆزىتىۋاتىدۇ.

ھازىر كىشىلەر فوتون ھېسابلاش ماشىنىسىنى ياساشتا رىقابەتلىشىۋاتىدۇ. فوتون ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ھېسابلاش تېزلىكى ھازىرقى ئەڭ ئىلغار ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ تېزلىكىدىن 1000 ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. كىشىلەر ھازىر كۆزكۆل بولۇۋاتقان يەنە بىر ئىش ئوپتىك تالالىق ئالاقىلىشىش سىستېمىسى ئارقىلىق، ئۆز ئۆيىدىلا ھەرقايسى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ پروگراممىلىرىدىن، كىنو، گېزىت ھەتتا كىتابلاردىن ھوزۇرلىنىشى مۇمكىن.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، فوتون تېخنىكىسى تۈنجى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. فوتون ماتېرىيالى بىلەن لازېر نۇرى تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئېلېكترون دەۋرىدىن فوتون دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. فوتون تېخنىكىسى سودا ۋە ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە قوللىنىلماقتا. XX ئەسىرنى ئەگەر ئېلېكترون دەۋرى دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالدا XXI ئەسىر يۇقىرى سەۋىيىدىكى فوتون دەۋرى بولۇپ قالغۇسى.

دەرۋەقە، تېخنىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، فوتون بىلەن ئېلېكترون ئوخشاشلا ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىش ئورتاقلىقىغا ئىگە، لېكىن ئېلېكترون زەرەتلىك بولغاچقا ئاسانلا ئۆز ئارا تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەردە دائىم دېگۈدەك ئارىلاشما ئاۋاز ۋە ئېلېكترو ماگنىتلىق كاشىلا كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ؛ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە فوتون زەرەتسىز بولغاچقا ئۆز ئارا تەسىر ئاسان يۈز بەرمەيدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن فوتون تۇرغۇن ياخشى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئادەتتە ئېلېكترون تېخنىكىسىدا ئېلېكتر قارشىلىق، ئېلېكتر ئىندۇكتىپلىق ۋە

ئېلېكتر سىغىمچانلىق مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئېلېكتر سىگنال ئۆتكۈزگۈچتىن ئۆتكەندە چاستوتا بەلبېغىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، سىگنال ئۆتكۈزۈش تېزلىكىمۇ نىسپىي ھالدا بىر قەدەر ئاستا بولىدۇ. فوتون تېخنىكىسىدا فوتون نۇر ئۆتكۈزگۈچى ئارقىلىق ئۆتكەندە چاستوتا بەلبېغىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، شۇڭا ئۇچۇر سىغىمچانلىقى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر سىغىمچانلىقىدىن زور بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يوللاش سۈرئىتىمۇ ئېلېكترونلۇق يوللاش سۈرئىتىدىن تېز بولىدۇ. مېندىلېۋ جەدۋىلى ئۈچىنچى، بەشىنچى گۇرۇپپىسىدىكى گاللىي، ئارسېنغا ئوخشاش ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىرىكمىلەر فوتون ئېلېكترونىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماددىي شەرت - شارائىت ھازىرلاپ، ئوپتىك ئالالىق خەۋەرلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئېلېكترونلۇق سىگنال فوتونلۇق سىگنالغا، ئاندىن يەنە ئۇ ئېلېكترونلۇق سىگنالغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە كېيىنكى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ئىچكى قىسمىنى كۆزىتىش ئەينىكى، چىش مىلىكىدە مەڭگۈ تۇرىدىغان سۈنئىي چىش ياسىلىدىكەن. يەنە تېلېۋىزورلۇق تېلېفون ھەر بىر ئائىلىلەرگىچە ئومۇملىشىدىكەن. ئالاھىدە كۆزەينەك تاقىمايمۇ بەھوزۇر كۆرگىلى بولىدىغان ستېرولۇق تېلېۋىزور، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلالايدىغان ماشىنا ئادەملەر ئىشلىتىلىشكە باشلايدىكەن. ئاۋازغا تايىنىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان ئاپتوماتىك تەرجىمە ماشىنىسى تەتقىق قىلىنىپ ياسىلىدىكەن. سېمىزلىك ۋە ئورۇقلۇقنى كونترول قىلالايدىغان «ئىشتاھانى كونترول قىلىش دورىسى»، تاماكا ۋە ھاراقنىڭ ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان بىر خىل «پسىخولوگىيىلىك يېمەكلىك» ۋە ئادەم تېنىگە ئورناتقىلى بولىدىغان سۈنئىي يۈرەك ياسىلىدىكەن. يەنە يورۇقلۇق- فوتون تېخنىكىسى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىپ، ئىنسانلار پەۋقۇلئاددە ئۇچۇرلاشقان جەمئىيەتكە قەدەم قويىدىكەن.

دەرۋەقە، شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى بىز ئاتاپ ئۆتكەن پەن - تېخنىكىدىكى بەزى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئامېرىكىدا (ياكى ياپونىيىدە ياكى باشقا دۆلەتلەردە) بارلىققا كەلگەنلىكى ئامېرىكا پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئەزەلدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئامېرىكا پەن - تېخنىكىسىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇ دەل مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن كېيىنلا ئاندىن كۆزگە چېلىققۇدەك تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. شۇنىسى ئېنىقكى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات تەڭپۇڭلۇقى بىر خىل بولمايدۇ. بىر تارىخىي دەۋر بويىچە قارىغاندا، كۆپىنچە پەن - تېخنىكىنىڭ مەركىزى بولۇۋاتقان دۆلەت ياكى رايون بولىدۇ. لېكىن ئىلىم - پەن مەركىزى دەۋرگە ئەگىشىپ ئالمىشىپ تۇرىدۇ. 1962 - يىلى ياپونىيىنىڭ كوبې ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پەن - تېخنىكا تارىخشۇناسى تاڭچەنگۇاڭچاۋ تارىخىي ھادىسىلەرنى سىستېمىلىق، مىقدارلىق مۇھاكىمە قىلىپ، «ئىلىم - پەن ھەرىكەت مەركىزىنىڭ يۆت-

كىلىشى» نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ خېيبونشا (*Heibonsha*) نىڭ «پەن -تېخنىكا يىلنامىسى» دىكى 1501 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە قولغا كەلگەن 2064 خىل چوڭ نەتىجىنى، ۋېبستېر (*Webster*) نىڭ مەشھۇر زاتلار سۆزلىكىدىكى 40 مىڭ كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى كۆرۈپ، بىر نەچچە دۆلەتنىڭ 2152 نەپەر ئالىمىنى تاللاپ، يەنە 1901- يىلىدىن 1960- يىلىغىچە فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، مېدىتسىنا ساھەلىرىدە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 215 نەپەر مەشھۇر زاتنىڭ يەككە ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىپ، ئىلىم-پەن ھەرىكىتىنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلىدى. تاگچەننىڭ ئېنىقلىمىسى بويىچە، بىر دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ سانى شۇ مەزگىلدىكى پۈتۈن دۇنيا بويىچە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر سانىنىڭ 25پىرسەنتىدىن ھالقىپ كەتسە، پەن - تېخنىكا مەركىزى يۆتكەلگەن بولىدۇ. ئېنىقلىما بويىچە XVI ئەسىردىن باشلاپ پەن - تېخنىكىنىڭ مەركىزى مۇنداق يۆتكەلگەن: 1540 - يىلىدىن 1610- يىلىغىچە ئىتالىيە دۇنيا پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى بولدى. ئەينى چاغدىكى ئىقتىساد، ئىدىيىنىڭ تەقەززاسى ۋە ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىتالىيە مەركەز قىلىنغان ئوتتۇرا ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە داۋىنسى، گالىلېي، بىرونو، كوپېرنىك قاتارلىق داڭلىق ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار مېخانىكا، ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا جەھەتلەردە يېقىنقى زامان ئىلىم پېنىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ، تەبىئەت پېنىنى ئىلاھىيەتتىن ئازاد قىلىپ، ئۇچقاندەك تېز تەرەققىياتنى بەرپا قىلدى. لېكىن ئەكسىيەتچىل دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئالىملارنى ئېچىنىشلىق باستۇرۇۋېتىشى بىلەن ئىتالىيە ئىلىم - پېنى خارابلاشتى، شۇنىڭدىن كېيىن 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىتالىيىدە چوڭراق ئالىم چىقمىدى. 1660- يىلىدىن 1730- يىلىغىچە ئەنگلىيە دۇنيا پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى بولدى. بۇ مەزگىللەردە ئەنگلىيىدىن نيۇتون قاتارلىق 60 قا يېقىن داڭلىق ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. بۇلار پۈتۈن دۇنيا بويىچە داڭلىق ئالىملار سانىنىڭ 36 پىرسەنتىنى، نەتىجىلەر سانىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى. نيۇتون ۋاپات بولغاندىن كېيىن 50 يىلغىچە تونۇلغان بىرەر ئالىم يېتىشىپ چىقمىدى. 1770- يىلىدىن 1830-يىلىغىچە فرانسىيە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى بولدى. لاگرانژې، كارنو قاتارلىق 30 دەك داڭلىق ئالىم، ئىنژېنېرلار چىقتى. ناپالېئوننىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن مەكتەپلەر ۋەيران بولدى، چوڭراق بىر بۆسۈشلەرمۇ بولمىدى. 1810- يىلىدىن 1920 - يىلىغىچە گېرمانىيىنىڭ خىمىيە، ئېلېكتر سانائىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئۇ، پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى بولدى. بۇ گېتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن ئاخىرلاشتى. 1920-يىلىدىن كېيىن ئامېرىكا پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى بولۇپ قالدى. 1901-يىلىدىن 1960- يىلىغىچە ئامېرىكىلىق نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر پۈتۈن دۇنيا مۇكاپاتچىلىرىنىڭ 26 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھەر ئون يىلنى بىر بىرلىك قىلغاندا، 30 - يىللارغا كەلگەندە 25%، 50 - يىللارغا كەلگەندە 50 پىرسەنتتىن ھالقىپ كەتتى.

دەرۋەقە، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئامېرىكىنىڭ ئىلىم-پېنى ياۋروپاغا سېلىشتۇرغاندا كۆرۈنەرلىك ئارقىدا ۋە تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا ئىدى، بىراق كېيىن تېز

روناق تاپتى. ئۇنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەب ئاساسەن مۇنداق:

1. ئامېرىكا مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇنىڭ سانائەت ئىنقىلابى چەت ئەلدىن ئۆگىنىشتىن باشلاندى. ئالدى بىلەن ئۇ گېرمانىيىنىڭ مائارىپ قۇرۇلۇشىنى تەدبىق قىلدى. جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنى 1789- يىلدىن 1830 - يىلغىچە بولغان 15 يىل ئىچىدە ئالىي مەكتەپلەر بىلەن تېخنىكۇملار سانىنى ئالتە ھەسسە ئاشۇردى، بۇ ئامېرىكا سانائىتىنىڭ XX ئەسىردە زامانىۋىلىشىشىغا ياخشى شەرت - شارائىت يارىتىپ، پەن - تېخنىكا تەييارلىقىنى ھازىرلاپ بەردى.

2. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى قاتتىق تۇتتى. ئامېرىكا پارلامېنتى 1789 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت بويىچە ئىلىم-پەندىن، تېخنىكىدىن لېكسىيە سۆزلەش، دوكلات بېرىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەينى ۋاقىتتىكى زۇڭتۇڭ پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. 1818- يىلدىن باشلاپ پەننى ئومۇملاشتۇرىدىغان نۇرغۇن كىتاب، ژۇرناللارنى نەشر قىلدى. 1820 - يىلدىن ئارتىپ ئامېرىكىنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىدە ئىلىم - پەندىن لېكسىيە سۆزلەش تۈزۈمى رەسمىي ئورنىتىلدى. بۇ، تەشكىللىك ھالدا قىلىنغان ھەرىكەت-پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇردى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە ھاۋاسىنى جانلاندۇردى.

3. چەتتىن ئۆگىنىش بىلەن چەتتىن پەن - تېخنىكا ئەنئەنىلىرىنى كىرگۈزۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ياۋروپادىكى ھەر قانداق بىر تېخنىكا يېڭىلىقىنىڭ يۈزلىنىشى شۇ يىلى دېگۈدەك ئامېرىكىدا ئىنكاس ئېتىلدى. مەسىلەن: 1803 - يىلى ئەنگلىيە تۇنجى بولۇپ پار ماشىنىسىنى ياساشنى باشلىغان بولسىمۇ، ئۇ تېخى ياساپ بولماي تۇرۇپ، 1807 - يىلى ئامېرىكىلىق فولتون پار بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان پاراخودنى ياساپ چىقتى. 1837 - يىلى ئەنگلىيىدە تېلېگراف كەشپ قىلىندى. ئىككىنچى يىلى ئۇ، ئامېرىكىدا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ ئىشلىتىلدى. ۋاكۇئوم لامپىلار ياسىلىپ ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا رادىئو ئاڭلىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، رادىئو ئومۇملاشتۇرۇلدى.

4. ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى كۆپلەپ كىرگۈزدى. ئىلىم - پەن سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چەت ئەل ئالىملىرىنى ئامېرىكىغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلەشكە كۆپلەپ تەكلىپ قىلدى. مەسىلەن: ئېلېكتروننى بايقىغان ئەنگلىيە ئالىمى تومسون بىلەن قارا جىسىمنىڭ نۇرلىنىشى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن رويلې لېكسىيە سۆزلەش جەريانىدىكى بىر قېتىملىق دەم ئېلىشتا «ئېغىر سىلجىش» ئۈستىدە پاراڭ سېلىشقان. ئۇلارنىڭ پارىڭى ئوقۇغۇچى مېكېلسوننىڭ تەجرىبە ئارقىلىق سىناپ كۆرۈشكە ئىلھام بەردى. ئۇ، خىمىيىدە ئوقۇۋاتقان ساۋاقدىشى مورلى بىلەن تەجرىبە ئىشلەپ، نەتىجىسى ئىنكار بىلەن ئاخىرلاشتى. مېكېلسون مۇشۇ ۋەجىدىن 1907 - يىلى تۇنجى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىق (ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى گېرمانىيىلىك) بولۇپ نام چىقاردى.

بولۇپمۇ ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ زۇلمى سەۋەبلىك ئېينىشتېين، فىلانىك، فېرمى، سىللارد، تېللېر، ۋىگنېر قاتارلىق نۇرغۇن داڭلىق ئالىملار ئامېرىكىغا قېچىپ باردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپى ئاتوم بومبىسىنى ياساش مان-

خاتتان پىلانىغا ۋە باشقا نازۇك تېخنىكىلىق ئىشلارغا قاتناشتى. يەنە شۇنى كۆرسىتىش زۆرۈركى، پۈتكۈل ياۋروپا سانائىتىنىڭ ماشىنىلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىشسىز قالغان كۆپلىگەن كىشىلەر تۇرمۇش يولىنى ئىزلەپ ئامېرىكىغا باردى. 1760 - يىلىدىن ئاۋۋال بارغانلار بىر مىليون 609 مىڭغا، 1775 - يىلىغا كەلگەندە ئىككى مىليون 600 مىڭغا يەتكەن. بۇ ياۋروپانىڭ بولۇپمۇ ئەنگلىيە سانائىتى ۋە تېخنىكىسىنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ يۆتكىلىشى — تەبىئىي ھالدىكى تېخنىكا كىرگۈزۈش بولدى. بەزىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئالىملارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان تېخنىكىلار ئارقىلىق ئامېرىكىغا قوشقان ئىقتىسادىي تۆھپىسى 30 مىليارد دوللاردىن ئاشىدىكەن. نوبېل مۇكاپاتىنى ئالغۇچىلارغا نەزەر سالساق مۇتلەق كۆپى يەنىلا ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى باشقا دۆلەتلىك.

تاڭچەننىڭ ئىلىم - پەن ھەرىكەت مەركىزىنىڭ يۆتكىلىش ئېنىقلىمىسىغا ئاساسلانغاندا، 80 - يىللاردا ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئالىملارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 50 دىن ھالقىپ كەتكەن. ئامېرىكا مائارىپ مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەتلىك ئىلىم - پەن فوندى جەمئىيىتى 1980 - يىلى ئامېرىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئىلىم - پەن ۋە ماتېماتىكا سەۋىيىسى سوۋېت، ياپونىيە، گېرمانىيىلەردىن تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلغانلىقى ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ بەزى جەھەتلىرىدىكى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەشلەرنى، كىرىزىسلارنى نەزەرگە ئالغاندا، ئامېرىكىنىڭ ئىلىم - پەندىكى مەركەزلىكى 2000 - يىللاردا ئاخىرلىشىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، 1991 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئالتە ساھە بويىچە يەتتە نەپەر ئالىمغا نوبېل مۇكاپاتى تارقىتىلدى. بۇ ئالىملار ئىچىدە ئامېرىكا تەۋەلىكىدىن بىرسىمۇ يوق. بۇ گەرچە ئۇرۇشتىن كېيىنكى 46 يىل ئىچىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن ئەھۋال بولسىمۇ، بۇنى تاڭچەن قىياسىنىڭ يەنە بىر پاكىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ياپونىيە پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالساق، ياپونىيىدە ئۇنىۋېرساللاشقان چەت ئەل تېخنىكىسى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە تېخنىكا كىرگۈزۈشكە، ئالىملارنى كىرگۈزۈشكە ۋە چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشقا بولۇپمۇ، تېخنىكا ئىنقىلابىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم - پېنىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ياپونىيە ئېلېكترون، خىمىيە، ماشىناسازلىق سانائىتى ۋە يېنىك سانائەت، ھەربىي سانائەتلەرنى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆپ پۇل توپلىدى. پەقەت خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە ئۇسكۈنىلىرىنى سېتىشتىلا دۇنيا بازىرىنىڭ 1/4 نى ئىگىلىدى، ئۇ پولات ۋە ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشتا ئامېرىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. 1980 - يىللاردىن باشلاپ، ياپونىيە سانائەتتە رەھبەر دۆلەتكە ئايلاندى.

ئەمدى جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىغا نەزەر سالساق، دۆلىتىمىز ئازات بولغان چاغدا گومىنداڭدىن قالغان تىلغا ئالغۇدەك بىرەرمۇ سانائەت يوق، ئىقتىسادىي ئاساسى بەكمۇ ئاجىز، پەن - تېخنىكىدا بەكمۇ ئارقىدا ئىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبىرىي ئورۇنغا ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا - مۇشەققەتكە

(ئاخىرى 28 - بەتتە)

# ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدىكى ئورنى ۋە رولى

**مۇھەممەت تۇردىھاجى**

ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنسانلار مەنىۋى پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدە شەكىللىرىنى ھاسىل قىلغۇچى ئىلىم - پەن بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت-ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۆز ئارا باغلىنىدۇ، ئۆز ئارا بېقىنىدۇ ۋە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىپ، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرىشىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلىم - پەننىڭ ئالدىدا مېڭىپ، پەن تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى ۋە ئۇ ھەققىتكى ئۇمۇمىي تەسەۋۋۇرلارنى كونكرېت، جانلىق ۋە بەدىئىي ئوبرازلار شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى يالغۇز ئالىملاردىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بارلىق ئىلمىي ئىجادىيەتلەر جەريانىدىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇ، يالغۇز مەشھۇر ئەدىپلەرگىلا خاس بولۇپ قالماستىن، بەلكى بارلىق ئىلمىي ئىجادىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەتتىكى كىشىلەرگىمۇ خاس. شۇڭا ئىلىم - پەننىڭ ئىجادىيەت باغچىسىدا شۇنداق بىر قانۇنىيەت شەكىللەنگەن ئىدىكى، ئالىملارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىسى قانچە كۆپ، قانچە يۇقىرى بولغانسېرى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي - سەنئەتنى سۆيۈشى شۇنچە قىزغىن ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن باغلىغان ئىشتىياقىمۇ شۇنچە مۇستەھكەم بولىدۇ، ئەدەبىيات-سەنئەت خەزىنىسىدىن ئالغان ئوزۇقلۇقىمۇ شۇنچە كۆپ، ئىلھامىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇ تەبىئىي ھالدا، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ۋە تېخىمۇ كۆپ خىل ئەھۋالدا، پۈتكۈل ئىلىم-پەن دۇنياسى ۋە پۈتكۈل ئىلمىي ئىجادىيەت جەريانىدا كۈچلۈك قوزغىتىش رولىنى ئويناپ، چوڭقۇر ئىلھام بەخش ئېتىپ، ئۇنى ھاياتىي كۈچكە تولغان كەڭ ئىجادىيەت مەيدانىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ خىل ھادىسىنى پۈتۈنلەي ئالىملار، ئالىملارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى پەيدا قىلىدۇ.

ئەدەبىي - سەنئەتنىڭ ئىلىم - پەنگە ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ رىۋايەت ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر شەكلى ئارقىلىق، ئوبيېكتىپ رېياللىقنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈشىدە كۆرۈلىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولغان پوزىتسىيىسىنى، كەلگۈسى تەسەۋۋۇرلىرىنى، بەخت - سائادەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى، روھىي دۇنياسىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنىڭ كاللىسىدا شەكىللەندۈرۈپ، بارلىق ئامىللار بىلەن ھەرخىل ئەدەبىي - سەنئەت ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى تەسىرلىك، جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار شەكلى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ ۋە ئۆزى تونۇپ يەتكەن توغرا تەپەككۇر ھېسسىياتلىرىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ كۈچلەندۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سەنئەت ۋە سەنئەتكارلار ئاشۇنداق خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت باغچىسىدا تەسۋىرلەپ بەرمەكچى

بولغان ئوبيېكتىنى ئىنتايىن تەسىرلىك، جانلىق سۆزلەرنى قوللىنىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدى-
لىك ۋە مول مەزمۇنلار بىلەن گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بۇ خىل
ئالاھىدىلىك كۆپلىگەن ئەھۋاللاردا، ئىلىم - پەن ئالىملىرىغا نىسبەتەن ئىلھام ۋە كۈچ-
قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. ئۇلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئالىملار ئەدەبىي -
سەنئەتنىڭ بۇ خىل كۈچ - قۇدرىتى بىلەن، لوگىكىلىق خىيالىي قايىنام دېڭىزىغا چۈشۈپ،
ئاندىن تەجرىبە ئىسپاتىغا ئۆزۈپ ئۆتۈش ئارقىلىق، ئاخىرى ئۇنى ھەقىقىي
رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، ئىلمىي مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ. بۇ نۇقتىغا نىسبەتەن مەشھۇر
ئالىم ئېينىشتېيىننىڭ تەسىراتى بەكمۇ كۈچلۈك. ئۇ، گېرمانىيە مۇتەپەككۇرى موشكوۋسكى
بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، XIX ئەسىرنىڭ ئاتاقلىق رۇس يازغۇچىسى دوستويېۋسكى
ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلىم - پەن ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە توخ-
تىلىدۇ. بولۇپمۇ دوستويېۋسكىنىڭ 1880- يىلى يازغان «ئاكا - ئۇكا كارامازوفلار»
دېگەن پەلسەپىۋى ئەسىرىنىڭ ئىلىم - پەنگە ۋە ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە غايەت زور يار-
دىمى تەككەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ ھەر قانداق بىر سىياسىي مۇتەپەككۇرنىڭ
نەزەرىيىسىدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە،
بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشى، ئىنتايىن تەبىئىي ۋە نورمال
ئىشتۇر. ئەدەبىيات - سەنئەت لوگىكىلىق بولمىغان، لىرىك روھ، رومانتىك ئۇسۇل-
لاردىن پايدىلىنىپ، بارلىق يېڭى ۋە شۈبھىلىك ھادىسىلەرنى، يۈز بېرىش مۇمكىن-
چىلىكى بولغان كەلگۈسىدىكى نەرسىلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇ، مۇستەھكەم لوگىكىلىق
تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولغان پەن - تېخنىكا ئالىملىرىغا ئىلمىي سەزگۈرلۈك ۋە ئىجا-
دىيەت مېخانىزمىدىن ئىبارەت قولايلىق شارائىتنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت،
يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىجادىيەت باغچىسىنىڭ بىپايان بولۇشى-
پەن - تېخنىكا ئالىملىرىغا كۈچلۈك ئىلھام بېرىدۇ ۋە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھازىرقى ئىلىم - پەن ئەمەلىيىتىدىمۇ، قولغا كەلگەن شانلىق ئىلمىي نەتىجىلەر
ۋە ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان نۇرغۇن پەن-تېخنىكا مېۋىلىرى، ئېي-
نىشتېيىن ئېيتقانغا ئوخشاش ئۇزاق تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا قەدەممۇ قەدەم
بارلىققا كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ غايەت زور قىممىتىنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرغان.
چۈنكى، پەن - تېخنىكا ئالىملىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىن ئىلگىرىلا يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار
ئەسەرلىرىدە ئۇ خىل ئىجادىيەتنىڭ قۇرۇلمىلىرى، تەسەۋۋۇرلىرى ۋە شەكىللىرى، تۈر-
لۈك ئەدەبىي - سەنئەت ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بايان قىلىنغان.

كۆپچىلىككە ئايانكى، ماشىنا ئادەم ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ يېڭى
مۇۋەپپەقىيىتى. لېكىن، ئۇ مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا، XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن
باشلاپ، ئەنگلىيىنىڭ ئايال يازغۇچىسى مارى شىللى ئۆزىنىڭ «فرانكىنستىن»
دېگەن رومانىدا، ھاياتلىقنىڭ سىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ماشىنا ئادەمنىڭ قۇرۇل-
مىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئەدەبىي تەسەۋۋۇر شەكىللىرى ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇ-
نىڭدىن كېيىن يەنە فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق ئىلمىي فانتازىيىلىك رومان يازغۇچىسى

ژۇلى. ۋېرىن، ئەنگلىيىلىك يازغۇچى ۋېللىس، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى كارىل. چاپىك قاتارلىقلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئارقىمۇ ئارقىدىن ماشىنا ئادەمنى سۈرەتلەپ كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ ھەممىسى پەن-تېخنىكا ئەمەلىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن رېئال ماشىنا ئادەمدىن كەم دېگەندە بىر ئەسىر بۇرۇن بارلىققا كەلگەن.

كۆپچىلىككە ئايانكى، سۈنئىي ھەمراھمۇ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ يەنە بىر يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى. لېكىن ئۇمۇ بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىلا روسىيىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى دوستويېۋسكىي تەرىپىدىن يېزىلغان «ئاكا-ئۇكا كارامازوفلار» دېگەن ئەسەردە تەسەۋۋۇر قىلىنغان. رومانىنىڭ باش قەھرىمانى كارامازوفنىڭ بىر سېھرىگەر بىلەن قىلىشقان سۆھبىتى جەريانىدا، سېھرىگەر كۆرەڭلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن بىر دانە ئاي پالتىنى ئېلىپ، ئاسمان قەھرىگە ئېرغىتىدىغان بولسام، ئۇ ئىنتايىن يىراقلارغا ئۇچۇپ بېرىپ، يەر شارىنىڭ سۈنئىي ھەمراھىغا ئايلىنىدۇ-دە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چۆگىلەيدۇ…» (دوستويېۋسكىنىڭ «ئاكا-ئۇكا كارامازوفلار» رومانى خەنزۇچە نەشرى 164- بەت). بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە مۇنداق تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، كېيىنكى پەن-تېخنىكا ئەمەلىيىتىدە رېئاللىققا ئايلانغان ماشىنا ئادەم ۋە سۈنئىي ھەمرا كەشپىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتمەي قالارمۇ؟

ئاتوم ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن راكېتا قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ يەنە بىر يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى. لېكىن ئۇ مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا، روسىيە يازغۇچىسى ئا. تولستوي يازغان «ئېنژېنېر گارىنېنىڭ يېڭى كەشپىياتى» ۋە «ئىستانىڭ ئۇسمۇرلۇك ۋاقتى» دېگەن ھېكايىلاردا، ئۇ ھەقتە كونكرېت تەسەۋۋۇرلار بايان قىلىنغان. ئالدىنقى ھېكايىدا، باش قەھرىمان گارىنېنىڭ بىر خىل يېڭىچە دولقۇن دەستىسى بىلەن ئورالغان ئاتوم ئېنېرگىيىسىگە ئىگە رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئۇنى قۇرۇشنىڭ يېڭى تېخنىكا لايىھىسى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىنكى ھېكايىدا بولسا، راكېتا قويۇپ بېرىش توغرىسىدا كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان تەسەۋۋۇرلار سۆزلەنگەن. مەسىلەن: «ئىستانىڭ ئۇسمۇرلۇك ۋاقتى» دېگەن ھېكايىدا مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «راكېتا مەيداندىن ئايرىلىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بىلەنلا، چاقماقتەك تېز سۈرئەتتە، ئاسمان قەھرىگە چىقىپ كۆزدىن غايىپ بولىدۇ…» (تولستوينىڭ «ھېكايىلار توپلىمى» خەنزۇچە نەشرى 216- بەت)، دۇنيادا تېخى ئاتوم ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن راكېتا مەيدانغا كەلمىگەن شارائىتتا يازغۇچىلارنىڭ ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئوخشاش ھالدا، مۇنداق جانلىق، كونكرېت تەسۋىرلەپ بېرىشى، ھەقىقەتەنمۇ بىر يېڭى مۆجىزە.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ باشقا شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭمۇ، ئىلىم-پەن تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ئاز ئەمەس. مەسىلەن:

مەشھۇر رەسساملار فىېنىچ، دىيۇر قاتارلىقلارنىڭ رەسىم سىزىش ئەمەلىيىتىدە، فروپېكسىيىلىك گېئومېترىيىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە زور تۆھپە قوشقانلىقىنى سەل قاراشقا بولمايدۇ. مەشھۇر يازغۇچى بالزاك ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە، بىئولوگىيە پەنلىرىگە ئائىت بولغان «ھورمۇنلار» توغرىسىدىكى كۆز قاراشنى ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان. شۋېتسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى سىترىندبېرگ 1890 ـ يىلى يازغان «دېڭىز بويىدا» دېگەن ھېكايىسىدا، خىمىيە پەنلىرىگە ئائىت بولغان ھاۋا تەركىبىدىن ئازوتنى ئايرىپ ئېلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ فرانسىيە يازغۇچىسى ژۈل. ۋېرنىنىڭ بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىلا ئۆز ئەسەرلىرىدە، تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىغان ئايروپىلان، تراللىبۇس، ئالەم كېمىسى، رەڭلىك تېلېۋىزور، رەڭلىك لىنتا ۋە سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى ... قاتارلىقلارنى ئىنسانلارغا تونۇشتۇرۇشى، ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان چوڭ بىر ئىجادىيەت. ئۇ، ئۆز ھاياتىدا مەخسۇس ئىلىم ـ پەن تەسەۋۋۇرلىرىغا ئائىت 57 پارچە ھېكايە يازغان. بۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئالىملىرىغا نىسبەتەن قانچىلىك ئىلھام، ئەقىل-پاراسەت بەخش ئەتكەنلىكىنى كىممۇ تولۇق مۆلچەرلىيەلەيدۇ؟

مەشھۇر ئالىم گېنىس ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىجادىيىتىگە بولغان تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەر قېتىم كىئوتېنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمدا، چوڭقۇر ھېسسىيات ئىلكىدە، چەكسىز تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى مېڭەمدىن چاچراپ چىقىپ كەتكەندەك بولاتتى!» («نۇر گېزىتى» 1991 ـ يىل 10 ـ نويابىر سانى 3 ـ بەت) شۇنداق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پەن ـ تېخنىكا ئۈچۈن دائىم مۆلچەرلىگۈسىز ئىلھام، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە تۈگىمەس كۈچ ـ قۇۋۋەتلەرنى بېغىشلىدى ۋە بېغىشلىغۇسى. ئۇ، ئالىملارنىڭ مەرىپەت باغچىسىغا نۇرلۇق مەشئەل ئورنىتىپ، ئۇلارنى تەپەككۇر ئاسمىنىغا ئۆرلەيدىغان سۈنئىي تۆمۈر قانات بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنداق بولغاچقا بىز چىخوپنىڭ مۇنۇ بىر جۈملە سۆزىنىڭ ھەقىقەتلىكىگە ئىشەنمەي تۇرالمايمىز: «سەنئەتچىلەرنىڭ بىرەر ھېسسىياتى بەزىدە ئالىملارنىڭ بىر قانچە مېڭىسىگە تەڭ كېلىدۇ» («نۇر گېزىتى» نىڭ 1991 ـ يىل 10 ـ نويابىردىكى سانى 3 ـ بەت).

ئىلىم ــ مىللەتلەرنىڭ قەد كۆتىرىشىنىڭ، خەلقنىڭ يۈكسىلىشىنىڭ ئىشەنچلىك تۈۋرۈكى. ئالىملار ئەڭ ئەۋزەل كىشىلەردۇر، شۇنداقلا ۋەتەننىڭ ياپىلىقىدۇر. دۇنيادا كاتتا ئورۇن ئالىملارغا مەنسۇپتۇر، ئۇلار ئىلىم ۋارىسلىرىدۇر ۋە ئىلىم ــ ئەڭ ئۇلۇغ مىراستۇر.

ئالىم شەرەپلىكتۇر، ئادىل ھۆكۈمدار شەرەپلىكتۇر، ئېسىل ئەخلاق ئىگىسى شەرەپلىكتۇر. ئۆزىڭىزگە قاراپ بېقىڭ، ئەگەر سىز ئاشۇلارنىڭ بىرسى بولالىسىڭىز، ئۇنداقتا، سىزمۇ شەرەپلىكسىز.

«نۇرلار» ناملىق مەجمۇئەنىڭ «ئەرەب تىلى» قىسمىدىن (مىسىر).

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «نېستورىيان دىنىغا ئائىت يادىكارلىق» ئۈستىدە تەتقىقات

ئابدۇرەشىت ياقۇپ

نېستورىيان دىنى خرىستىيان دىنىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، شۇ دىنىنى بەرپا قىلغۇچىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. خەنزۇ تارىخنامىلىرىدا بۇدىن «جىڭجياۋ» (景教) دەپ ئاتىلىپ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بۇددا دىنىنىڭ ۋارىيانتى دەپ قارالغان. ئۇنىڭ يەنە «شەرقنىڭ كۆزەك بالا» دېگەن نامىمۇ بار①. نېستورىيان دىنى ئېلىمىزدە مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كۆرسەتكەن تەسىرى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە فرانسىيە كورولى لۇئى IX ئەۋەتكەن مىسسىئونېر ۋىلىيام رۇبروكنىڭ «سەپەر خاتىرىسى» دە، شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدە نېستورىيان مۇخلىسلىرىنىڭ ئىبادەتخانىسى بارلىقى، ئىبادەتخانىنىڭ سۈرىتى ۋە كرېست بەلگىسىنى ئىشلەتمەي، بويىنغا قارا رەڭلىك كىچىك كرېست ئېسىۋالغانلىقىنى، ئىبادەتخانىدىكى ساندۇق ئۈستىگە خرىستىيان دىنىغا يات بولغان ئىسرىقدان قويۇلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى يېزىلغان.② ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلەشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە زور تۆھپە قوشقان تاتا تۇڭئانىڭ تۆت ئوغلىنىڭ ئۈچى خرىستىيان مۇرتلىرىغا ئوخشاش ئىسىم قويغاندىن باشقا، يەنە بىر ئوغلى سېلىبا (*Selibha*) دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان، بۇ ئىسىم پەقەت نېستورىيان مۇرتلىرىغىلا خاس ئىسىم ئىدى.③ قۇبلايخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان رابان باركاۋما (*Rabban Bar Cauma*)، ماركوس (*Markos*) دېگەن ئىككى كىشى ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر نېستورىيان دىنى مۇرتلىرى بولۇپ، قىتاندا (جۇڭگودا) تۇرۇشلۇق باش ئېپىسكوپ، كۆزەتكۈچى گېنېرال (*Visiting General*) دېگەندەك مۇھىم دىنىي ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەنىدى.④ نېستورىيان دىنىنىڭ جۇڭگوغا قاچان كىرگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ھازىر ئالىملار شەنشىنىڭ جۇجى ناھىيىسىدىن تېپىلغان «جىڭجياۋنىڭ جۇڭگودا تارقالغانلىقى ھەققىدە پۈتۈك» دېگەن خاتىرە تاشتىكى مىلادى 635 - يىلى جىڭجياۋ مۇرىدى ئالوبېننىڭ پارسلاردىن نوم ئەكېلىپ، چاڭئەندە تەرجىمە قىلغانلىقى ھەققىدىكى بايانلارغا ئاساسەن، نېستورىيان دىنى كەم دېگەندە VII ئەسىردە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرگەن دەپ پەرەز قىلماقتا. نېستورىيان دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتى بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق بولۇپ، ئۇ پارسلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان ئارقىلىق كىرگەن ۋە شۇ ئەنجۇاڭنىڭ بۇددا نومى ئالغاندا ماڭغان قاتناش يولى بىلەن چاڭئەنگە كىرگەنىدى.⑤ مىلادى 845 - يىلى، نېستورىيان دىنى تاڭ ۋۇزۇڭنىڭ دىنىي يوقىتىش يارلىقى بىلەن ئاساسەن يوقالدى. لېكىن شىنجاڭدا ئۇ

يەنىلا راۋاجلاندى، قەشقەردىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلاردا نېستورىيان دىنى چېركاۋلىرى سېلىندى. ھەتتا شىنجاڭ خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە نېستورىيان دىنىنىڭ پارىسچە نامى «tersa» دېگەن سۆز بىلەن ئاتالدى، ئۇيغۇر يېزىقىمۇ تارسىيا (Tarsia) دەپ ئاتالدى. ⑥ پەقەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندىلا نېستورىيان دىنى شىنجاڭدا ئاندىن يوقالدى.

نېستورىيان دىنى ئىلىمىزدە مول يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەنگلىيە، روسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قېدىرىش ئۆمەكلىرى شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭ رايونىدىن نېستورىيان دىنىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان يادىكارلىقلارنى تاپتى. شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى سۇرىيە يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، كۆپىنچىسىدە نېستورىيان دىنىنىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن. ھازىر ئالىملار تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان نېستورىيان دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تۇرپاننى ئەينى ۋاقىتتا نېستورىيان دىنىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىشماقتا. ئەمما نېستورىيان دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەل مۇزېيلىرى ۋە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بولغاچقا، شىنجاڭدا، جۈملىدىن ئىلىمىزدە شىنجاڭدىكى نېستورىيان دىنى ھەققىدىكى تەتقىقات دېگەندەك چوڭقۇرلاپ كېتەلمىدى.

بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان «نېستورىيان دىنىغا ئائىت يادىكارلىق» نى گېرمانىيىنىڭ 2 - قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولۇپ، گېرمانىيە ئالىمى مۇللېر (F.W.K.Muller) «ئۇيگۇرىكا» (Uigurica)دا 1908 - يىلى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان. 1928 - يىلى سوۋېت ئالىمى س. ئې. مالوف (С.Е.Малов) نىڭ تولۇقلىشى بىلەن نەشر قىلىنغان (رادلوف) «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 160—166 بەتلىرىدە ئەسلى مېتىن، نېمىسچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى بىلەن ئېلان قىلىنغان. بۇ يادىكارلىق جەمئىي 80 قۇر بولۇپ، ئۇمۇمەن نېستورىيان دىنى مۇرتلىرى (يادىكارلىقتا «موغوچ» دەپ ئاتالغان) نىڭ ئېروسالىمغا تاۋاپ قىلىشقا بارغان ۋە قايتقاندىكى كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان، ئوتقا چوقۇنۇشنىڭ كېلىپچىقىشى ھېكايە قىلىنغان. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى تارىختىكى خاتىرىلەردىكى راببان باركاۋما بىلەن ماركوسنىڭ گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن ئېروسالىمغا ماڭغانلىقى، سۇرىيىگە كەلگەندە ئۇرۇشقا يولۇقۇپ باشقا ياققا كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ يادىكارلىق ئىلىمىزدە لى جىڭۋېي، ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان. لى جىڭۋېي ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتى «دۇنيادىكى دىنلار ئۈستىدە تەتقىقات» نىڭ 1983 - يىلى 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى. ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار بۇ يادىكارلىقنىڭ دەلەپكى بىر قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. بىز يۇقىرىقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، رادلوفنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى ئەسلى تېكىستنى قايتا - قايتا ئۆگەندۇق ۋە ئۇنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە تىل جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق:

1) «ق»، «غ»، «خ» تاۋۇشلىرى چېكىتسىز بىرلا خىل شەكىلدە يېزىلغان . «س»، «ش» تاۋۇشلىرىمۇ پەرقلەندۈرۈلمەي چېكىتسىز يېزىلغان؛

2) «ئو»، «ئۇ» تاۋۇشلىرى ئوخشاش يېزىلغان؛ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «ئۇ» تاۋۇشىمۇ، «ئو»، «ئۇ» لاردىن پەرقلەندۈرۈلمىگەن.

3) ئۇزۇن سوزۇقلار شۇ ھەرپنى تەكرار يېزىش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن (مەسىلەن: ʔooʔ).

4) «min» (𐰢𐰃𐰤 )، vrišti (پەرىشتە) دېگەندەك چەت ئەل تىلى سۆزلىرى قوللىنىلغان.

5) باشقا يادىكارلىقلارغا ئوخشاش تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار، بولۇپمۇ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى تۈپ سۆزدىن ئايرىپ يېزىلغان؛ «:»، « .:. » لار تىنىش بەلگىسى ئورنىدا قوللىنىلغان.

6) š/ʔ نۆۋەتلىشىشتەك تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي ھون تارمىقىغا خاس خۇسۇسىيەتلەر ساقلانغان (مەسىلەن: ʔal—ʔuš ).

7) خېلى كۆپ قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى تەكرار يېزىلغان.

8) «د»، «ت» تاۋۇشلىرى ناھايىتى ئېنىق پەرقلەندۈرۈلگەن.

9) بىر قىسىم تەرتىپى ئالماشتۇرۇلغان جۈملىلەر قوللىنىلغان ( مەسىلەن : ulur quʔïga barïp jükanalimanïg).

10) بىر قىسىم سۆزلەردىكى سەۋەنلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا (مەسىلەن: jumšaq نى ʔarlup نى ʔarlug(jumraq دەپ يازغان)، ھەرپلەر خېلى تولۇق يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «ʔagriʔatam» (ʔagri+atam) دېگەندەك ئالاھىدىرەك شەكىللەرمۇ كۆرۈلگەن.

بىز بۇ يەردە نىستورىيان دىنى تەتقىقاتى ۋە تارىخ ، كىلاسسىك ئەدەبىيات ، تىل تەتقىقاتىغا پايدىسى تېگەر دېگەن ئويدا بىلەن يادىكارلىقنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇق. ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمىدە ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتىدىكى سەۋەنلىكلەرنى ئىمكانىقەدەر تۈزىتىشكە تىرىشتۇق. ئەمما بۇچەھەتتىكى بىلىمىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ، يەنە بىر مۇنچە خاتالىقلارغا يول قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن ، ئۇستازلار ۋە كەسپداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

«نىستورىيان دىنىغا ئائىت يادىكارلىق» نىڭ ئەسلى تېكىستى (ترانسكرىپسىيە)⑦

1 . barïP jükürälim aaiŋ uluɣ qutïŋa

2 . tip ötundi—lär, ol ödün bïro dïs qan

3 . Inča tip jarlïqadï olar—qa—a amtï

4 . amrag oɣlan—larïm ätgü—kä—ä barïŋ lar

5 . käd kögül täŋgruP tiläŋlär istäŋ lär

6 . näčükin bolsar Siz—lär jana janïp kälip

7 . išit durïŋ lär mäa jmä barïp jükan—

8. ãjin aŋar tip tidi ,inčip ol moγuč—lar
9. näčükin urīslum—tīn ünüp bardī—lar
10. ärsär ol jultuZ jmä olar—aī bir lä
11. barīr ärdi ,qačan ol moγuč—lar bīdīlh—
12. īm—qa tägdi—līr ärsär ol jultuz
13. täbrä mädin šük turtī, ötrü anta
14. boltī—lar ,msīha täŋri—ig ol ödün
15. titinü jagīn barīp kirdi—lär, öz
16. jük—lärin ačtī—lar,ärü din aču—γīn
17. ötündi—lär kim kälürmiš ärdi—läri
18. üč türlüg köz—ünč altuni, zmrun
19. küz—i jaä jükürč jükündi—lär ögmäg
20. alqīš ötündi—lär ilig gan msīha
21. täŋri—kä, ol moγuč—lar īnča Saqī—
22. īp kirdi—'är :: t(ä)ŋ ri oγlī ärsär
23. Zmrun küz—i alγaj ilig qan ärsär
24. altun alγaj :: birüg otzčī ämči ärsär
25. ot jim alqaj tip bir qa ban—da
26. urup kig ürdī—lär :: männgü t(ä)ŋri oγlī
27. ilig qan msīha, ol moγuč—lar—nīŋ
28. köŋülin däki Saqīnčīn bilü jrlī qap
29. üč türlüp köz—ünčin ärtüdin jumqī
30. alī jrlī qadī, īnča jrlīqadī olar—qa
31. äj moγuč—lar Siz—lär üč türlüg
32. Saqīnč üz—ä kirtiŋiz—lär t(ä)ŋri oγlī
33. jmä män ök ärür—män :: ilig qan jmä
34. män ärür—män :: otčī ämči jmä män
35. ök ärür—män tip jrlīqadī :: Siz—ig
36. Siz bolup barīŋ lar tip jr līqadī :: ol
37. moγuč—larqa taš bišig—niŋ buluŋī—
38. ta min üz—miš—tg bir jum γaq tašīγ
39. usup birdi :: moγuč—lar ol tašīγ älip
40. öz ätöz—läri köturgäli umatī—lär
41. jīlqī—qa jü tursär jīlqī kötürü umatī
42. anīn käŋäšinti—'är butaš ärtingü—ü
43. aγīr turur :: bubir jumγa qtaš(uq) näzü—
44. lüg ol biz—iŋa jīlqī jmä kötürü
45. umatīn turur iltgäli umaγaj biz tip
46. Söz—läšli—lär :: ötrü antačī bir—r

47. quduɣ tälgrti ol taš—Iɣ kötürüp ol
48. (qu)duɣ ičintä kämišdi—lär :: anča—a
49. barIp qInj—a kördi—lär :: ol quduɣ—ɣ
50. ičintä bir qorqInčIɣ uluɣ jaruɣ
51. oot jalIn birlä ünüp kök qalIɣ—
52. qa tägi turur ärdi :: inčip ol taŋ—
53. larčIɣ(arIr) tälgü körüp moɣuč—lar
54. täaŋlap bilip qorqup topün tüšüP
55. jükünti—lär :: Inča tijür ärdi—lärbiz
56. (in) gä tapInɣujüküngü ärdini birüp—
57. ärmiš Piz taPInɣu—qa täg imsiz ärmiš
58. biz bilmätin qudur—qa kämišmiš—biz
59. tip ökünti—lär :: ol oɣur—qa bukün
60. kün—kä täki moɣuč—lar oot—qa tapI—
61. nmaɣ tIltaɣI bu ärür :: ol ödün
62. tälgülüg boltI olar—qa t(ä)ŋricäm
63. Vrišti utuz—up antIn öŋI jol ča
64. jorItdI ol moɣuč—larIɣ hIrodIs qan
65. qa täŋnädi—lär :: :: taqI jmä bitijü—ü
66. täginälim zharI—I uluɣ dIntar—nIŋ
67. ölüm täginmiš :: ajIɣ qIlIn čIɣ—ɣ
68. hIrodIs qan älgintä :: ol ölün
69. kördi hIrodIs qan bu moɣuč—lač—lar—r
70. jarIp atIn öŋijol—ča tärmiši—n
71. mini ešɣančaladI bu moɣuč—lar tip—p
72. aj—j käd övgä Siŋkälti :: Inča tip
73. jrlI qadI :: öz buɣaɣulnɣčI ölutči
74. jarɣan—lar—qa :: barIŋ lar miniŋ
75. ilim ičintä näčä iki jaš—da—a
76. altIn oɣlan qI—I—lar bar ärsär
77. barčanI ölürŋ—lär tip jrlIqadI ::
78. ötrü tälgülüg boltI täŋ ri däm bir
79. Vrišti jausIp—nIŋ tölintä Inča
80. tip jrlIɣ tigürddi ::

ئەسلى تېكىستىنىڭ تەرجىمىسى:

1. (ئۇلار : «بىز) بېرىپ ئۇنىڭ ئۇلۇغ بەختىگە تاۋاپ قىلايلى»
2. دەپ ئۆتۈنۈشتى. شۇچاغدا خىرودىس خان
3. ئۇلارغا مۇنداق يارلىق قىلدى: «ئەمدى
4. ئامراق ئوغلانلىرىم، ياخشى (ئىنيە تىلىمەك) بېرىڭلار،
5. كۆڭۈللىرىڭلارنى خالىس تۇتۇپ تىلەڭلار، ئىستەڭلار.
6. بىرەر ئىش بولسا، [يەنە] يېنىپ كېلىپ

7. ئېيتىڭلار، مەنمۇ بېرىپ ئۇنىڭغا ئاۋاب
8. قىلاي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن موغۇچلار
9. قاچان ئىروسالىمدىن چىققان
10. بولسا، ئۇ، يۇلتۇزمۇ ئۇلار بىلەن
11. بىللە ماڭدى. موغۇچلار بىرلىشى-
12. غا يېتىپ كەلگەندى، ھېلىقى يۇلتۇز
13. تەۋرىمەستىن شوك تۇردى. شۇندىن كېيىن (ئۇلار) شۇ يەردە
14. (مىسخا تەڭرىنى) تاپتى. [شۇ چاغدا]
15. تىترىشىپ (تەڭرىنىڭ) يېنىغا كىردى. ئۆز
16. يۈكلىرىنى ئېچىپ، خالىسانە، ئاشكارا
17. باش ئۇرۇپ تۇرۇپ سوۋغاتلىرىنى سۇندى.
18. سوۋغات ئۈچ تۈرلۈك، يەنى ئالتۇن، زۇمرەت
19. كۆجە (دىن ئىبارەت) ئىدى. ئاندىن ئۇلار يەنە يۈكۈنۈپ مەدھىيە
20. ئالقىش ياغدۇرۇشتى. ئىلىگخان مىسخا
21. تەڭرى يېنىغا موغۇچلار مۇنداق ئوي
22. بىلەن كىرگەندى: تەڭرى ئوغلى بولسا
23. زۇمرەت بىلەن كۆجىنى ئالىدۇ، ئىلىگخان بولسا
24. ئالتۇننى ئالىدۇ. ئەمچى بولسا
25. دورا — ئوتنى ئالىدۇ. (ئۇلار شۇنداق) ئويلاپ بىر تەخمىنگە (يۇقىرىقى نەر-
سىلەرنى)
26. قويۇپ ئېلىپ كىردى. مەڭگۈلۈك تەڭرى ئوغلى
27. ئىلىگخان مىسخا موغۇچلارنىڭ
28. كۆڭلىدىكى ئوينى بىلىپ (يارلىق قىلىپ)
29. ئۈچ تۈرلۈك سوۋغاتنىڭ ھەممىسىنى ئىككىلەنمەي
30. ئېلىشنى بۇيرىدى. ئۇلارغا مۇنداق يارلىق قىلدى:
31. «ھەي موغۇچلار، سىلەر ئۈچ تۈرلۈك
32. ئوي بىلەن كىردىڭلار. تەڭرى ئوغلى-
33. مۇ مەن بولىمەن، ئىلىگخانمۇ
34. مەن بولىمەن، ئەمچىمۇ يەنە مەن
35. بولىمەن.» (ئۇ يەنە): «گۇمانلانماي
36. بېرىڭلار» دەپ يارلىق قىلدى. ئۇ
37. موغۇچلارغا تاش بۆشۈكنىڭ بۆلۈكى-
38. دىن خېمىرنى ئۈزگەندەك (قىلچە كۆچمەيلا) بىر يۇمىلاق تاشنى
39. ئۈزۈپ بەردى... موغۇچلار ئۇ تاشنى

40. ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدى (دىكى ھەممە كۈچىنى ئىشقا سېلىپمۇ) كۆتىرەلمىدى.
41. يىلقىغا ئارتقانىدى، يىلقىمۇ كۆتىرەلمىدى.
42. شۇنىڭ بىلەن (موغۇچلار) كېڭەشكە چۈشتى: «بۇ تاش ناھايىتى
43. ئېغىر تۇرىدۇ. بۇ بىر يۇمشاق تاشنى ئېمىشقا
44. بىزمۇ، يىلقىمۇ كۆتىرەلمەيمىز (؟)
45. ئېلىپ كېتەلمىگۈدەكمىز»
46. دېيىشتى. (شۇنداق دېيىشىپ تۇرۇشىغا) شۇ پەردە بىر
47. قۇدۇق پەيدا بولدى. (موغۇچلار) ھېلىقى تاشنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى
48. قۇدۇق ئىچىگە تاشلىۋەتتى. شۇنداق
49. بىرىپ قارىغانىدى، ھەيھات، (ھېلىقى) قۇدۇق
50. ئىچىدىن قورقۇنچلۇق بىر ئۇلۇغ يورۇق
51. ئوت يالقۇنجاپ چىقىپ، كۆك قەھرىگە
52. يەتتى. شۇنىڭ بىلەن موغۇچلار بۇ
53. ھەيران قالارلىق ئالامەتنى كۆرۈپ
54. ھەيران قېلىشتى، (ھەممىنى) چۈشەندى، قورقۇشۇپ يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ
55. يۈكۈنۈشتى: «بىزگە
56. چوقۇنىدىغان، تازىم قىلىدىغان گۆھەر بەرگەن
57. ئىكەن، بىز چوقۇنۇش تۇگۇل (ئۇنى)
58. بىلمەستىن قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇق»
59. دەپ ئۆكۈنۈشتى. شۇ سەۋەبتىن بۇگۈنكى
60. كۈنگە قەدەر موغۇچلار ئوتقا چوقۇنۇدىغان
61. بوپتۇ. شۇ چاغدا
62. بىر كارامەت بولدى. ئۇلار (نىڭ يېنى) غا تەگرى
63. پەرىشتىسى پەيدا بولدى. (ئۇلارنى) مەجبۇرى باشقا يول بىلەن
64. ماڭغۇزۇۋەتتى، موغۇچلارنى خىرودىس خان (نىڭ)
65. يېنىغا بارغۇزمىدى. بۇ پەردە شۇنى
66. سەمگە سالىمىزكى، زىخارىدەك ئۇلۇغ دىندارنىڭ
67. ھاياتىمۇ (ھەممە) ۋەھشىلىك قولىدىن كېلىدىغان
68. خىرودىسخاننىڭ ئىلكىدە ئىدى. شۇ چاغدا
69. (بۇ ئەھۋالدىن) خەۋەر تاپقان خىرودىسخان: «بۇ موغۇچلار
70. قايتىشىدا باشقا ياققا كېتىپ
71. مېنى ئالدىدى» دەپ
72. ناھايىتى غەزەپكە كەلدى. مۇنداق دەپ
73. ئۆز جاللاتلىرىغا يارلىق قىلدى:
74. «بېرىپ مېنىڭ

75. ئېلىم ئىچىدە قانچىلىك ئىككى ياشتىن
76. تۆۋەن بالا بولسا
77. ھەممىسنى ئۆلتۈرۈڭلار».
78. كېيىن (بۇ ئىش) تەڭرىنىڭ
79. پەرىشتىلىرىدىن بىرى بولغان يائۇسېپنىڭ چۈشىدە نامايان بولدى. (ئۇ) مۇنداق
80. دەپ يارلىق يەتكۈزدى ...

**ئىزاھات:**

① بۇ ھەقتە لېۋجۇڭگاڭنىڭ «نېستورىيان دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ۋە تەسىرى» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» خەنزۇچە، 1988 - يىلى 11 - سان.

② رۇبرۇك: «رۇبرۇكنىڭ شەرققە قىلغان سەپەر خاتىرىسى»، 1253 - 1255 - يىل» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى.

③ لېۋېنتال: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 469-470-بەتلەر.

④ جىيالىڭ ۋېنخەن: «جۇڭگودىكى قەدىمكى خىرىستىئان دىنى ۋە كەيفېڭ يەھۇدىلىرى»، 106 - 108 - بەتلەر.

⑤ بۇتىيە نىخېك: «قەدىمىي بۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمىسى 60 - 61 - بەتلەر.

⑥ بۇ ھەقتە ئىزاھاتتىكى ① ماقالىگە قارالسۇن.

⑦ ترانسكرىپتسىيە ۋە تەرجىمىدە ( ) ئىچىگە ئېلىنغانلىرى ئەسلى تېكىستتە يوق، كېيىن قوشۇلغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ؛ [ ]غا ئېلىنغانلىرى ئەسلى تېكىستتە بار، لېكىن ئاللا ئانچە ئايرىلالمايدىغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ؛ .... ئەسلى تېكىستنىڭ بۇزۇلغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

---

(بېشى 117 - بەتتە)

بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىدىغان تولۇق مۇئەسسەلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم بولىدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەر ئومۇمەن قاتناش تەرەققىي تاپقان، ئاھالە مەركەزلەشكەن چوڭ شەھەرلەردە باشقۇرۇلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندەپەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ، زاۋۇت، كان - كارخانىلار، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى. شۇڭا، ئۇنى شەھەرلەردە ياكى شەھەرگە يېقىن جايلاردا باشقۇرۇش مۇقەررەر يۈزلىنىشتۇر.

ئەمما بۇ ھەنىنىۋا ئالىي مەكتەپلەرنى چوقۇم چوڭ شەھەرلەردە تەسىس قىلىش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. بەزى تۈردىكى مەكتەپلەرنى، مەسىلەن: يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، نېفىت ئىنستىتۇتى قاتارلىقلارنى يېزىلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، نېفىت رايونلىرىدا تەسىس قىلسا بولىدۇ. بىراق بۇ خىلدىكى مەكتەپلەرنى چەت يېزىلاردا باشقۇرۇشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، ئەسۋاب - ئۈسكۈنە ۋە تەجرىبە سايمانلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ خىلدىكى مەكتەپلەر چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا ياكى ناھىيە بازارلىرىدا باشقۇرۇلسا بولىدۇ.

# ھونلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى

لىن گەن

( بىشى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1991 - يىل 1 - سانىدا )

## ھونلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ قۇلدارلىق جەمئىيەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى

ھون مىللىتى ناھايىتى بۇرۇنلا ئۇرۇقچىلىق قەبىلىسى ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەشكىل قىلغان. بىراق ئۇ چاغلاردا، ئىتتىپاققا قاتناشقان قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىشى ۋە ۋە بۆلۈنۈشى يەنىلا بىتايىن، تولىمۇ مۇقىم ئەمەس ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر» 110- جىلد «ھونلار تەزكىرىسى» دە ھون مىللىتىنىڭ ئىلگىرىكى تارىخى بايان قىلىنغاندا، «ھونلار چۇنۋېي (رىۋايەتتىكى ھونلارنىڭ ئەجدادى) دىن تۈمەنگىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە، بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازىيىپ، تارقاق ياشاپ كەلگەنىدى» دېيىلگەن. بۇ دەل ئۇرۇقچىلىق قەبىلىسى ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ھەمدە ئۇنىڭ بىمۇقىملىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ھالبۇكى ھونلارنىڭ تۈنجى تەڭرىقۇتى تۈمەن تەڭرىقۇت قەبىللەر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئومۇمىي ھالدا كۆرسىتىلگەن ئاقساقال ئىدى. ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتى يىمىرىلىشتىن ئىلگىرى ھونلار ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، دارامەت ئورتاق تەقسىم قىلىنىدىغان، سىنىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە بولمىغان ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنى كەچۈرۈۋاتاتتى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، بۇ خىل تۈزۈمدە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىغان.

ھونلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋاقىتلاردىن ئېتىبارەن تۆمۈر قورال مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويۇشقا باشلىغان. تۆمۈر قورال مەدەنىيىتىنىڭ يارىتىلىشى ئارقىسىدا ھونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىدە ناھايىتى زور يۈكسىلىش بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلاردا ئېشىنىش بارلىققا كەلدى. بۇ ھال ھونلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ كوللېكتىپلىشىشتىن يەككىلىشىشكە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە قاراپ بۇرۇلۇش ئىمكانىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى. بىرىنچىدىن، كۆچمەن چارۋىچىلىقتا بولۇپمۇ قىش پەسلىدە يەم - خەشەك كەمچىل بولىدىغان شارائىتتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىقتا كىچىكرەك كۆلەمدىكى پادىنى بېقىش، چوڭراق پادىنى بېقىشتىن كۆپ ئاسان ئىدى. مال پادىلىرىنى قوغداش ۋە ئاۋۇتۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئايرىپ بېقىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. شۇنداق قىلىپ جامائەنىڭ كوللېكتىپ كۆچمەن چارۋىچىلىقى پەيدىنپەي يەككە ئائىلىلەرنىڭ تارقاق كۆچمەن چارۋىچىلىقىغا ئايلاندى. ئىككىنچىدىن،

چارۋا ماللار ئەسلىدىنلا ئىگىلىۋېلىش، ئايرىۋېلىش ۋە ئايرىۋاشلاشقا قولايلىق ئىدى، ئوت - سۇنى قوغلىشىپ راۋاجلىنىشقا ئاساسلانغان كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا قەبىلىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنداق ئەھۋال چارۋىلارغا خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا پايدىلىق ئىدى. ھالبۇكى چارۋىلارغا بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق يەنەكېلىپ چارۋا ئىگىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلدى. بۇ ھال مال پادىلىرىنىڭ ئاۋۇشى ۋە باشقا بايلىقلارنىڭ توپلىنىش ئىمكانىيىتىنى كېڭەيتتى. ئۈچىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ ئۆسۈشى، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي تارماقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئاساسلىق ئىقتىسادىي تارماق ھېسابلانغان چارۋىچىلىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى ئاساسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ ۋاقىتتا ھونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئىشقا ئېشىپلا قالماي بەلكى ئېشىنىش بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىقتىسادىي ئالدىنقى شەرت ھازىرلاندى ۋە ئاخىرى ھونلارنىڭ ئىپتىدائىي جامائەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مال-مۈلۈككە خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىشنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ سىنىپىي بۆلۈنۈشمۇ باشلىنىپ كەتتى.

تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ھونلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق جامائەسىدە خۇسۇسىي چارۋىغا ئىگە يەككە ئائىلىلەرنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىكى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل مۇستەقىل ئۆسۈشلۈك ئىگىلىك ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەن تەڭلا ئۇرۇق بىلەن قارشىلاشقۇچى بىر خىل كۈچ سۈپىتىدە ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنى يىمىرىش رولىنى ئويناشقا باشلىدى. قوملۇقنىڭ شىمالىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III - II ئەسىر ئارىلىقىدىكى دەۋرگە تەئەللۇق ھون قەبرىلىرىدىكى ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ناھايىتى مول قويۇلغان چوڭ قەبرىنىڭ يېنىدا يەنە ئاخىرەتلىك بۇيۇملىرى ئىنتايىن كەمچىل، نامرات ئورغۇن كىچىك قەبرىلەرنىڭ بولغانلىقىدىن، بۇ چاغدا ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنىڭ ئاللىبۇرۇن پارچىلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ چاغدا ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتى ئاللىبۇرۇن پارچىلانغان، باي - كەمبەغەللىك ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن پەرق پاكىتلىرىمۇ تولۇق ئاشكارىلانغان ①. بۇ ۋاقىتتا چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە يايلاقلار يەنىلا ئۇرۇقچىلىق جامائەسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسىمۇ ئەمما چارۋىلار يەككە ئائىلىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە يايلاقلارغا

① موڭغۇلىيە تارىخشۇناسى س. دورجى سۈرۈڭنىڭ «شىمالىي ھون قەبرىلىرى» ناملىق ماقالىسىدا ھون قەبرىلىرى تولۇق تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ماقالە 1956 - يىلى ئۇلانباتور پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئاكادېمىيىنىڭ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى» نىڭ بىرىنچى سانىغا بېسىلغان.

بولغان ئومۇمىي ئىگىدارچىلىق بىلەن چارۋا ماللارغا بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى مۇشۇ دەۋردىكى هونلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق جامائەسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر.

هونلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق جامائەسى مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە يەككە ئائىلىلەر، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن يىمىرىلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋاقىتتا ئائىلىلەرگە، ئۇرۇق ئەزالىرى، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە يايلاقتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ھەمدە ھايات كۆچۈرۈشنىڭ موھىم ۋاستىلىرىغا يەنىلا ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئارا زىچ باغلىنىپ تۇراتتى. «تارىخىي خاتىرىلەر. هونلار تەزكىرىسى» دە هونلار «ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تەۋە يېرى بولاتتى» دېيىلگەن. بۇ، هونلاردا چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە يايلاقلارنىڭ ئۇرۇقنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەنلىكىگە قارىتىپ ئېيتىلغان. ئۆز ئۇرۇقىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، پادا ۋە يايلاقلىرىنى يات قەبىلىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراتماسلىق بۇ خىل بىرلىكنىڭ ئائىلىلەر ۋە ئۇرۇق ئەزالىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جامائە تۈزۈمى يىمىرىلىشتىن سىنىپ شەكىللەنگىچە بولغان جەرياندا بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش هونلارنىڭ دائىملىق كەسپى بولۇپ قالغانىدى. خۇددى «هونلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغىنىدەك «هونلار جەڭگىۋارلىقنى كەسىپ قىلغان». شۇڭا، ھەر ۋاقىت سەپەرگە يۈرۈش ۋە جەڭگە كىرىشكە قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئائىلىلەر ۋە ئۇرۇق ئەزالىرى ئۆز ئارا زىچ بىرلىشىپ قالماي بەلكى ھەربىي شەكىل بويىچە تەشكىللەنگەن. شۇڭلاشقا هونلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئىككىنچى بىر ئالاھىدىلىكى شۇ ئىدىكى، ئۇ ھەم ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتى، ھەم ھەربىي تەشكىلات ئىدى. «هونلار تەزكىرىسى» دە يەنە هونلاردا «ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر قاۋۇل، مەرگەن بولۇپ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان جەۋەندازلار ئىدى. ئادەتتە، چوپانلىق قىلىپ، ئوۋ - ئوۋلاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى، زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا بولسا، ھەممىسى ئاتلىنىپ، جەڭ مەشقى ئېلىپ بېرىدىپ، باسمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى» دېيىلگەن. يەنى ئادەتتىكى چاغلاردا پادا بېقىش، ئۇچار قۇشلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلسا، ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەممە كىشى جەڭگە ئاتلىناتتى. بۇ، هونلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىدا ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتى بىلەن ھەربىي تەشكىلاتنىڭ ئۆز ئارا بىركەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «بۇنداق تەشكىلات جامائەنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى سالاھىيەت بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى شەرتلەرنىڭ بىرى ئىدى.» ①

هونلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتى ئەسلىدە بىر خىل قانداشلىق تەشكىلات ئىدى. كېيىنچە ئۇرۇقچىلىق جامائەسىنىڭ يىمىرىلىشى، سىنىپلارنىڭ شەكىللىنىشى ھەمدە قاي-

① «كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى ئىگىلىك شەكىللىرى»، خەلق نەشرىياتى 1956 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 8 - بەت.

تا - قايتا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنىڭ ئۇرۇق تەركىبىدە مۇرەككەپلىك ۋە بىمۇقىملىق پەيدا قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇرۇقچىلىقنىڭكى قانداشلىق مۇناسىۋەت ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇشتىن قېپقالدى . بىرىنچىدىن، ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىدا شۇ ئۇرۇقنىڭ ئەزالىرى بولغاندىن تاشقىرى ئۇنىڭغا يەنە كۆپلىگەن يات ئۇرۇق ئائىلىلىرىمۇ ئېقىپ كىردى . مەسىلەن : شەرقىي ( ھون ) خۇلار ، شىرۇلار ، ياۋچىلار ( توخرىلار ) ، لۇفەنلەر ، بەيانلار ، ھۇنگىرلار ، چۇشۇرلەر ، دىڭلىڭلار ( تۇرالار ) ، خاككاسلار ، شىنلىلار ، ئۇيسۇنلار ، غەربىي يۇرتلۇقلار ، چاڭلار ۋە خەنلەر . سىرتتىن ئېقىپ كىرگەن بۇ ئائىلەلەرنىڭ كۆپچىلىكى ھەر قايسى ئۇرۇق ۋە ئائىلىلەرگە تارقالغان ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇرۇق ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن . ئىككىنچىدىن ، ھەر قېتىملىق ئۇرۇش ، بولۇپمۇ مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇش كۆپ ھاللاردا ئۇرۇقنىڭ ئائىلىسىنى ئۆلۈم - يىتىم، خانىۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلاتتى ۋە ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتاتتى. مەسىلەن: مىلادىدىن بۇرۇنقى 124- يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى - ت) ئوڭ تۇغ قاننىڭ قەبىلىسى خەنسەنگونى ۋېيچىڭنىڭكىچىلىك زەربىسىگە ئۇچراپ، ئوڭ تۇغ قاننىڭ ئۆزىلا قېچىپ قۇتۇلغان. خىل چەۋەندازلىرى پىتىراپ كەتكەن، ياردەمچى قان باشلىق ئون نەچچە ئادەم ۋە 15 مىڭدىن كۆپرەك ئەر - ئايال پۇقرا تۇتقۇن قىلىنغان، پۈتكۈل ئۇرۇق - قەبىلە تەشكىلاتى تۇزۇتتۇۋېتىلگەن. يەنە مەسىلەن: مىلادىدىن بۇرۇنقى 119- يىلى (خاقان ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى - ت) ئىچىغسە تەڭرىقۇت خەن سەنگونى ۋېيچىڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بىر نەچچە يۈز قەيسەر چەۋەندازلىرى بىلەن خەن قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ، قېچىپ قۇتۇلغان. ئۇنىڭ توپىدىن ھايات قالغانلار خەن قوشۇنىغا ئارىلىشىپ كەتكەن؛ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خۇچۇبىڭ سول تۇغ قان بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا خەن قوشۇنلىرى ھونلاردىن 70 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان، سول تۇغ قاننىڭ توپى قېچىپ كەتكەن، قەبىلىسى تامامەن تۇزۇتتۇۋېتىلگەن. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 71- يىلى خەن ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ،200 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلدى. خەن قوشۇنلىرىنىڭ زور كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ھونلارنىڭ قېرى - چۆرە، ئاجىز - ئۇرۇقلىرى مال پادىلىرىنى ھەيدەپ، يىراقلارغا قېچىپ بېرىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. مۇشۇنداق مالىمانچىلىق ئىچىدە ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنىڭ قالايمىقانچىلىققا يېتىپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. چىرىكچى چاڭخۇي قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيسۇن قوشۇنلىرى ئوڭ قول خاننىڭ توپىغا ھۇجۇم قىلغاندا، تەڭرىقۇتنىڭ ئاتا جەمەتىدىن جىلۇ، قىز (ھون تىلىدا «مەلىكە» دېگەن مەنىدە) خانزادە، كاھبەگ، مىڭبېشى، باش سانغۇندىن تۆۋەن 39 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئەسىر ئېلىنغان. ئات، كالا، قوي، ئېشەك، تۆگە قاتارلىق 70 مىڭ تۇياق مالنى غەنىمەت ئالغان، ھون خەلقىدىن شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆلگەن، يارىدار بولغان، يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ، سەرسان - سەر-

گەردان بولغانلار، قىرىلىپ كەتكەن ۋە پىتىراپ كەتكەن چارۋىلارنىڭ كۆپلىكىدىن سانىنى ئېلىشمۇ مۇمكىن بولمىغان؛ ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتى تامامەن ۋەيران بولغان ①. يۇقىرىدا بەزى سان سىفىرلىق مىساللارنىلا كەلتۈردۇق. بۇنىڭدىن باشقا ئاشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەقەلەر ئۇرۇشتا دائىم دېگۈدەك بولۇپ تۇرغان، ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنىڭ مۇستەھكەملىكى تۆپەيلىدىن، كۆپ ھاللاردا ئۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن يەنە ناھايىتى تېزلا يىغىلىپ توپلىنىۋالالىسىمۇ ۋە ئەسلىگە كېلىۋالالىسىمۇ (مەسىلەن: ئىچىغىسە تەڭرىقۇت قېچىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي «ئۆز توپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان»)، لېكىن ئۇرۇقنىڭ ئەسلىدىكى ئاھالىسى ۋە باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئۆزلۈكسىز ھالدا تارقىتىۋېتىلگەن، قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن ۋە بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولاتتى. كېيىنچە ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان. ئۇرۇقنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقى ۋە ئۇرۇقنىڭ نامى يەنىلا ساقلاپ قېلىنغان. جۈپ نىكاھ تۈزۈمىگە يەنىلا رىئايە قىلىنغان بولسىمۇ بىراق ھەقىقىي ساپ قان سىستېمىسىغا ئىگە ئۇرۇقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ناھايىتى تەس بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ھونلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى تاكى مىلادىيە III ئەسىردىن كېيىنكى ۋېي، جىن دەۋرلىرىگىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىقتىسادنىڭ خاراكتېرىدە كۆرۈلگەن بۇرۇلۇشقا ياندىشىپ ئۇنىڭدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتتىمۇ تەدرىجىي ھالدا بۇرۇلۇش مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل بۇرۇلۇشتىن كېيىنكى ئۇرۇقداشلىق جامائەسى ئەمەلىيەتتە قانداشلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان قان قېرىنداشلىق بىرلىكى بولماستىن بەلكى مەھەللە-رايون ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەربىي مەمۇرىي بىرلىك ئىدى. بۇ ھونلار ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكىدۇر.

ھونلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ مىلادىيە III ئەسىردىن كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئىزنىسىنى يازما يادىكارلىقلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۇرۇقنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقى، ئۇرۇق نامى ۋە ئۇرۇقتىكى جۈپ نىكاھلىق تۈزۈمگە دائىر ئەھۋاللاردىن ئىزدەپ تېپىشقا بولىدۇ. تارىخىي كىتابلاردا ھونلارنىڭ ئۇرۇق قەبرىستانلىقىغا ئائىت مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن: «كېيىنكى خەننامە» 90-جىلد «ئوغانلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، جاۋدى زامانىسىدا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 78- يىلى) ئوغانلار ھون تەڭرىقۇتىنىڭ قەبرىسىنى قازغانىكەن. بۇ خىلدىكى قەبرىلەر دەل ئۇرۇقنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقىغا تەۋەللۇقتۇر. ئۇرۇقنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقى ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنىڭ بىر بەلگىسى ئىدى. ئۇرۇققا تەۋە جامائەت قەبرىستانلىقىنىڭ بولۇشى ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنىڭ تاشقى پوستىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇرۇقنىڭ نامىغا كەلسەك، «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» ۋە «كېيىنكى خەننامە» 89- جىلد «جەنۇبىي ھونلار تەزكىرىسى» دە ھونلاردا تەگرى-

① «تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار تەزكىرىسى» ۋە «خەننامە» 94-جىلد «ھونلار تەزكىرىسى» 1-قىسىمغا قاراڭ.

قۇت بىلەن غەيرى قاملىلىك قويانلار، لانلار، شۈبۇلار، چۇلىنلار دېگەندەك تۆت ئېسىل ئۇرۇقنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان. «جەنۇبىي هونلار تەزكىرىسى» دە جەنۇبىي هونلار شىڭخي ۋىلايىتىگە كىرىپ ئولتۇراقلاشقان (مىلادىنىڭ 50- يىلى) دىن كېيىنكى خانزادىلار ئىچىدە خەن، داگيۇ، قويان، لاڭ، سۇجى ئۇرۇقلىرىدىن كېلىپ چىققان قۇتقۇلارنىڭمۇ بارلىقى خاتىرىلەنگەن. «جىننامە» 97- جىلد «شىمالىي دى هونلار تەزكىرىسى» دىمۇ هونلاردا قويان، بۇ، لان، چاۋ قاتارلىق ئۇرۇقلاردىن كېلىپ چىققان كىشىلەرنىڭ مۇهىم ئەمەللەرنى ئۇزاق دەۋر تۇتقانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «باتۇر ئەمما يۇز ئۇرۇگەك» چىم، لې قاتارلىق ئۇرۇقلارنىڭمۇ بارلىقى ئېيتىلغان. ئۇرۇقنىڭ نامى ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنىڭ بىر بەلگىسى، ئۇرۇق نامىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنىڭ تاشقى پوستىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇرۇقتىكى ئېكزوگامىيە (جۈپ نىكاهلىق). «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هونلار تەزكىرىسى» دە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قويانلار، لانلار، شۈبۇلار ۋە چۇلىنلارنىڭ دائىم تەڭرىقۇت بىلەن قۇدىلىشىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. «خەننامە، هونلار تەزكىرىسى» دە تەڭرىقۇتنىڭ لۇەندى ئۇرۇقىدىن ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ قويانلار بىلەن بىر ئۇرۇقتا تەۋە ئەمەسلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن بۇ ئۇرۇقلاردا ئېكزوگامىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرىدە چېگرىدىن چىققان خەت ئوردا مەلىكىسى ۋاڭ جاۋجۈن فۇجۇر جوتى تەڭرىقۇتتىن تۇغقان ئىككى قىز ئەسلىدە خوخانيې تەڭرىقۇت قوغشارنىڭ ئۇرۇقىغا مەنسۇپ ئىدى، كېيىنچە چوڭ قىزى يۈن (چوڭ قىزىنىڭ ئىسمى «يۈن» ئىدى) شۈبۇ ئۇرۇقىغا ياتلىق قىلىنىپ، شۈبۇ قىزى (يەنى شۈبۇ مەلىكىسى مەنىسىدە) دەپ ئاتالغان. كەنجى قىزى داگيۇ ئۇرۇقىغا ياتلىق قىلىنىپ، داگيۇ قىزى دەپ ئاتالغان①. بۇنىڭدىن، خوخانيې تەڭرىقۇتنىڭ شۈبۇ، داگيۇ قاتارلىق ئۇرۇقلار بىلەن مۇجۈپ نىكاھ تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مىلادى III - IV ئەسىرگە كەلگىچە هونلاردا يەنىلا جۈپ نىكاھ تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن. مەسىلەن: «بەش غۇز نون ئالتە پادىشاهلىق» دەۋرىدە «خەن» هاكىمىيىتىنى قۇرغان سۇن ئاقۇڭگەكلىرىدىن لىيۇەن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى لىيۇسۇڭ ئەسلىدە توغا هونلىرى (هون مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى) دىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى قويان ئۇرۇقىغا مەنسۇپ قىزلاردىن ئىدى②.

ئۇرۇقتىكى ئېكزوگامىيە ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە خاس نىكاھ تۈزۈمىدۇر. ئۇرۇقتا ئېكزوگامىيە تۈزۈمىگە رىئايە قىلىش ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتىنىڭ تاشقى پوستىنىڭ ئاۋۋالقىدەك مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. گەرچە ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتى مەزمۇن ۋە خاراكتېر جەهەتتە ئاللىبۇرۇن ئۆزگىرىش ياساپ بولغان بولسىمۇ، چارۋا ماللار تېز كۆپەيگەنلىكتىن، مال پادىلىرىغا قارايدىغان تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە ئېهتىياج تۇغۇلدى. ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىگە كۆچكۈل بولىدىغان چارۋا مال

① «خەننامە، هونلار تەزكىرىسى» 2 - قىسمىغا قاراڭ.

② «جىننامە» 101 جىلد «لىيۇيۈەنخەي خاتىرىلىرى» ۋە «120 - جىلد»، «لىيۇسۇڭ خاتىرىلىرى» گە قاراڭ.

ئىگىلىرى ئۇرۇشتا قولغا چۈشۈرگەن ئەسىرلەردىن پايدىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇللار سىنىپى بارلىققا كەلدى.

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دە ھونلار ئۇرۇش قىلغاندا دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگۈچى ياكى ئەسىر ئالغۇچىغا بىر ئاپقۇر شاراب ئىنئام قىلىناتتى. ئېرىشكەن غەنىمەت - ئولجىسى كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ بېرىلەتتى (خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ مەۋجۇتلۇقى). ئەسىر ئالغان ئادەمنى ئۆزىگە قۇل قىلاتتى. جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتىنى ئېلىپ قايتقۇچىلار ئۆلگۈچىنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكىگە ئىگە بولاتتى. مال- مۈلۈك ئوغرىلىغۇچىلارنىڭ ئۆي - بىساتى، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىناتتى، دېيىلگەن. بۇ، ھونلار جەمئىيىتىدە خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ قۇل قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھونلار ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغانلارنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلىدىغان بولغاچقا، ھەر بىر ئەسكەر تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئادەملەرنى ئەسىر ئالاتتى. ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلىۋالاتتى. شۇڭا، ھونلاردا ئاددىي پۇقرالارنىڭ قولغا ئىگە بولۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىدى. ھون ئاقسۆڭەكلىرى ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان قۇللار پۇقرالار ئىگە بولىدىغان قۇللاردىن تېخىمۇ كۆپ بولاتتى، ئەلۋەتتە. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دە ھون ئاقسۆڭەكلىرى ئۆلسە «ئۆلگۈچى بىلەن ئۇنىڭ يېقىن خىزمەتچىلىرى (قۇللىرى)، كىچىك خوتۇنى بىللە كۆمۈلەتتى. مۇنداق بىللە كۆمۈلگۈچىلەر كۆپ بولغاندا، بىر نەچچە ئون ياكى 100 كىشىگە يېتەتتى» دېيىلگەن. نويان تاغلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ھون ئاقسۆڭەكلىرى قەبرىلىرىنىڭ بىرىدىن ئون يەتتە تال ئۆرۈمە چاچ تېپىلغان ①. بۇ دەل ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆپلىگەن قۇللىرى بارلىقىنى ۋە كۆپلىگەن قۇللارنى ھەم دەپنە قىلغانلىقىنىڭ ماددىي پاكىتىدۇر. تۇركۈملەپ ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىدۇرۇلۇشى قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

ھونلاردا قۇللارنىڭ تۆت كېلىش مەنبەسى بار ئىدى، ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئاساسلىق مەنبە ئىدى. ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئىچىدە خەنلىكلەر ھەممىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئادەملىرى بولاتتى.

تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھونلار خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى بويلىرىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نۇرغۇن خەنلىكلەرنى ئەسىر ئېلىپ كەتكەن. مەسىلەن: مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 177-يىلى (ۋېندىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئوڭ تۇغقان شاگچۇن ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ، خەلقنى قىرغىن قىلغان ۋە بۇلاپ تالىغان؛

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 166 - يىلى (خەن خاقانى سەلتەنەت دەۋرى، ۋېندىنىڭ 14 -

---

① سوۋېت ئارخېئولوگى پ. ك. كوزلوۋ: «ئاشقى موڭغۇلىيەدىكى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» (1925- يىل لېنىنگراد نەشرى) ھەمدە ياپونىيە ئالىمى ئۇمېھارا سۇ ئېجى: موڭغۇلىيەنىڭ نۇيان تاغلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار» (1960- يىل توكيو نەشرى) 83 - بەتتىكە قارالسۇن.

يىلى) ھونلارنىڭ 140 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى جۇنا، پېيدى، شاۋگۇەنلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، نۇرغۇنلىغان خەلقنى بۇلاپ كەتكەن؛

ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا ھونلار ھەر يىلى چېگرىدىن باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن خەلقنى قىرغىن قىلغان ۋە بۇلاپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋال يۈنجوڭ، لياۋدوڭ قاتارلىق جايلاردا تېخىمۇ كۆپ سادىر بولغان. ھەر بىر ۋىلايەتتىن بۇلاپ كېتىلگەن ئادەم 10مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 158 ـ يىلى (كېيىنكى ئالتىنچى يىلى) ھونلار شاڭجۈن، يۈنجوڭ ۋىلايەتلىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 30 مىڭدىن ئاتلىق قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ،خەلقنى زور كۆلەمدە قىرغىن قىلغان، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ چىقىپ كەتكەن؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 129 ـ يىلى (ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) ھونلار شاڭگۇ ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ،ئەمەلدار ۋە خەلقلەرنى قىرغان ۋە بۇلاڭ- تالاڭ قىلغان؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 128 ـ يىلى (يۈەنشۇنىڭ بىرىنچى يىلى) لياۋشى ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى بۇلاپ كەتكەن، يەنە يۈياڭ، يەنمېن ۋىلايەتلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قىرغىن قىلغان ۋە بۇلاپ كەتكەن؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 127- يىلى (يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ھونلار شاڭگۇ، يۈياڭلارغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئەمەلدار ۋە خەلقتىن بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قىرغان ۋە بۇلاپ كەتكەن؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 126- يىلى (يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ھونلار دەيجۈن ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى بۇلاپ كەتكەن؛ شۇ يىلى كۈزدە يەنە يەنمېن ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ،مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قىرغىن قىلغان ۋە بۇلاپ كەتكەن؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 125-يىلى (يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) يازدا ھونلار دەيجۈن، دىڭشاڭ، شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ،نەچچە مىڭلىغان كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە تۇتۇپ كەتكەن؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 124- يىلى (يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) ھونلار دەيجۈن ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى بۇلاپ كەتكەن؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 121- يىلى (يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ھونلار دەيجۈن، يەنمېن ۋىلايەتلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ،نەچچە يۈزلىگەن كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە تۇتۇپ كەتكەن؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 120- يىلى (يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ھونلار يۇۋبېيپىڭ، دىڭشاڭلارغا باستۇرۇپ كىرىپ،مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە تۇتۇپ كەتكەن؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 102- يىلى (تەيچۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) كۈزدە ھونلار دىڭشاڭ، يۈنجوڭ ۋىلايەتلىرىگە زور كۆلەمدە باستۇرۇپ كىرىپ،نەچچە مىڭلىغان كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە تۇتۇپ كەتكەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قول قان يەنە جۇچۈەن، جاڭيې ۋىلا-

يەتلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، نەچچە مىڭلىغان كىشىنى تۇتۇپ كەتكەن (لېكىن بۇلاپ كېتىلگەن بۇ نەچچە مىڭلىغان ئادەم خەن سۇلالىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلىرىنىڭ رىن ۋىن باشچىلىقىدىكى قىسىملىرى تەرىپىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن)؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 91- يىلى (جىڭخېنىڭ ئىككىنچى يىلى) ھونلار شاڭگۇ، ۋۇيۈەنلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئەمەلدار ۋە خەلقلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 87- يىلى (خۇيۈەنىنىڭ ئىككىنچى يىلى) ھونلار شۇفاڭغا باستۇرۇپ كىرىپ ئەمەلدار ۋە خەلقلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن؛

مىلادىدىن بۇرۇنقى 78-يىلى (جاۋدى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ھونلار ۋۇيۈەنگە باستۇرۇپ كىرىپ، نەچچە مىڭلىغان كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن، كېيىن يەنە قورۇل سىرتىدىكى قورغان، قاراۋۇلخانىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئەمەلدار ۋە خەلقلەرنى تۇتۇپ كەتكەن①.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار تاكى جاۋدى زامانىغىچە داۋام قىلىپ، بۇلاپ كېتىلگەن ئاھالە ئەڭ ئاز بولغاندا 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

ھونلار خەنلىكلەردىن تاشقىرى يەنە باشقا ئولوس ياكى باشقا قەبىلىلەردىن ناھايىتى كۆپ ئادەمنى ئەسىر ئېلىۋالغان ۋە بۇلاپ كەتكەن. مەسىلەن: باتۇر تەڭرىقۇت توڭگۇسلارنى يوقاتقاندا ئۇنىڭ خەلقلىرىنى ئەسىر ئېلىپ قايتقان ② شىرۇ قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئاھالىسىدىن نەچچە مىڭلىغان كىشىنى مەجبۇرىي ھالدا ھونلارنىڭ سول قانىتىدىكى جايلارغا كۆچۈرۈپ كەلگەن ③ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ غەربتە ياۋچىلارغا زەربە بېرىپ، جەنۇبتا لۇفەن، بەيان خانلىقلىرىنى يوقىتىپ، شىمالدا خۇنيۈلەر، دىڭلىڭلار، خاكاسلار، شىنلىلارنى بويسۇندۇرۇپ، غەربىي شىمالدا رورانلار، ئۇيسۇنلار، ئوغۇزلار ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەرنى باستۇرۇپ، قانچىلىك ئادەمنى ئەسىر ئېلىۋالغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما تۆۋەندىكى بىر ئابزاس تارىخىي ماتېرىيالدىن قارىغاندا ھونلار ئەسىر ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئاز ئەمەسلىكى ئېنىق.

«ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىقى» 30 - جىلد «ئوغانلار، سىيانپىلار، شەرقىي بەدەۋىلەر تەزكىرىسى» دە فېي سۇڭ ئىنزاھ بېرىپ نەقىل ئالغان «ۋېي پادىشاھلىقى ھەققىدە» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: شەرقىي خەننىڭ جەنۇبىي دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىنىڭ 48 - يىللىرى) دە نەچچە ئون مىڭ تۇتۇن «چىرلار» (ھونلاردا قۇللار «چىرلار» دېيىلەتتى، بۇ سۆز بايلىق مەنىسىدە) ھونلارنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى گەنسۇنىڭ غەربىي كارىدورى ئەتراپلىرىغا قېچىپ كېلىۋېلىپ، يەنىلا «سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۈرۈيدىغان» كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇر-

---

① يۇقىرىدىكىلەر ھەققىدە «تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار تەزكىرىسى»، «خەننامە، ھونلار تەزكىرىسى» بىرىنچى قىسىم، 6- جىلد «ۋۇدىنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە 7- جىلد «جاۋدىنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلارغا قاراڭ.

② «تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار تەزكىرىسى»گە قاراڭ. ③ «خەننامە، ھونلار تەزكىرىسى»گە قاراڭ.

مۇشنى كەچۈرگەن. بۇ قاچقۇن قۇللارنىڭ ئىرقى بىر ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرتلۇقلار، دىڭلىڭلار ھەمدە چاڭلارمۇ بار ئىدى. بۇ خاتىرىدىن: ئەسىر ئېلىنىپ ھونلارغا قوشۇۋېلىنغان يات مىللەتتىن بولغان قۇللار ئىچىدە خەنلىكلەر ۋە تۇڭغۇسلاردىن باشقا يەنە غەربىي يۇرت مىللەتلىرى، دىڭلىڭلار ۋە چاڭلارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇ قاچاق قۇللار نەچچە ئون مىڭ ئائىلىدىن كۆپرەك بولغان، ھەر ئائىلىنى بەش كىشى بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 100 مىڭغا يېتىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەر ھونلاردا قۇللارنىڭ بىرىنچى كېلىش مەنبەسىدۇر.

قوشنا مىللەتلەردىن قۇل سېتىۋېلىش ھونلاردا قۇللارنىڭ ئىككىنچى كېلىش مەنبەسى بولغان. مەسىلەن: شەرقىي خەن دەۋرىدە غەربتىكى چاڭلار بۇلاپ كەلگەن زور تۈركۈمدىكى خەن قۇللارنى ھونلارغا سېتىپ بەرگەن. كېيىنچە، جەنۇبىي ھونلار تەگرىقۇتى خەنگە ئاسىيلىق قىلىشتا مەغلۇپ بولغانلىقتىن، بۇ قۇللارنى ئىلگىرى بۇلاپ كەلگەن خەنلىكلەر بىلەن قوشۇپ جەمئىي 10 مىڭدەك كىشىنى خەنگە قايتۇرغان①.

قۇللارنىڭ ئۈچىنچى كېلىش مەنبەسى شۇكى، قارام ئۇلۇس ياكى قەبىلىلەر ئولپان تاپشۇرالمىغان ئەھۋالدا ئۇلار قەرزدار قۇل قىلىۋېلىنغان. مەسىلەن: «كېيىنكى خەننامە» 90 - جىلد «ئوغانلار تەزكىرىسى» دە ئوغانلار باتۇر تەگرىقۇت تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلگەندىن تارتىپ ئاجىزلىشىشقا باشلاپ ھونلارغا قارام بولدى. ھەر يىلى ئات، كالا، قوي تېرىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى ھون ھۆكۈمرانلىرىغا يەتكۈزۈپ تۇردى. ئولپان دەل ۋاقتىدا تاپشۇرۇلمىسا، كۆپىنچە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى قۇل قىلىۋېلىناتتى، دېيىلگەن.

ھونلاردىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى جىنايەتچى قۇل قىلىش ھونلاردا قۇللارنىڭ تۆتىنچى كېلىش مەنبەسى ئىدى. مەسىلەن: ھونلارنىڭ قانۇنىدا مال - مۈلۈك ئوغرىلىغۇچىلارنىڭ ئۆي - بىساتى، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن يات مىللەتلەردىن ئېلىنغان ئەسىرلەرنىڭ قۇل قىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۆز مىللىتى ئەزالىرىنى قۇل قىلىۋېلىش ھادىسىسىمۇ پەيدا بولدى.

ھونلار ئىگە بولۇۋالغان قۇللارنىڭ ئومۇمىي سانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ھەر ھالدا 100 مىڭدىن كەم ئەمەسلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. بۇ سان ھونلارنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسىدا قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلىگەن؟

ھونلارنىڭ ئاھالىسى ھەققىدە تارىختا تەپسىلىي مەلۇمات يوق. لېكىن پارچە- پۇرات خاتىرىلەردىن پايدىلىنىپ مۆلچەرلەپ كۆرۈش ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئەمەس.

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دە باتۇر تەگرىقۇت دەۋرىدە ئوقيا تۇتالايدىغان ئەسكەر 300 مىڭ ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىلى خەن خاقانى ليۇباڭ فىڭچېڭدا قورشىۋېلىنغاندا ھونلارنىڭ 400 مىڭ كىشىلىك مەرگەن قوشۇنى بار ئىدى② دېيىلگەن. ھونلاردا «ئەسكەرلەر ئوقيا ئاتالايتتى، ساۋۇت كىيىپ قوراللانغان چەۋەندازلار ئىدى». ۋىندى زامانىسىدا ئۆتكەن جايىنىڭ ئېيتىقىنىدەك ھونلاردا «ھەر بەش

① «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار تەزكىرىسى» گە قارالا.

② جيايى: «يېڭى كىتاب» 4 - جىلد «ھونلار» بابى.

ئادەم ئىچىدە بىر كىشى ئەسكەر بولغان بولسا، ئۇ ھالدا ئەينى ۋاقىتتا ھونلارنىڭ ئاھالىسى تەخمىنەن ئىككى مىليون ئەتراپىدا بولغان بولىدۇ. كېيىنچە، ۋۇدى زامانىسغا كەلگەندە خەن سۇلالىسىنىڭ نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان ھەربىي جەھەتتىكى قاتتىق زەربىسى تۈپەيلىدىن ئەسكەرلەر ۋە خەلقلەر ناھايىتى زور تالاپەتكە ئۇچرىغان (تەبىئىي كۆپەيگەنلەر بىلەن ئۆلگەنلەر سانى بالانىس بولۇشتىن بەك يىراق). ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن كىشىلەر جەنۇبقا ئۆتۈپ خەنگە تەسلىم بولغان»①. مۇنداق ئەھۋالدا نوپۇس بالا تۇر تەگرىقۇت دەۋرىدىكىدىن ئازىيىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

«خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى» دە مىلادىدىن بۇرۇنقى 71 - يىلى (شۈەندى بىنشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) خەن بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىدا ھونلارنىڭ 39 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان؛ شۇ يىلى قىشتا تەگرىقۇت ئۇيسۇنغا قىلغان يۈرۈشىدىن قوشۇن قايتۇرۇپ كېلىۋاتقاندا قېلىن قارغا دۇچ كېلىپ، نەچچە ئون مىڭ ئادەم توڭلاپ ئۆلگەن. دىڭلىڭلار، ئۇغانلار، ئۇيسۇنلارنىڭ ھۇجۇمىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر نەچچە ئون مىڭ كىشىگە يەتكەن؛ يەنە تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن؛ مىلادىدىن بۇرۇنقى 68 - يىلى (شۈەندى دىجېنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، خەلقنىڭ ئوندىن ئالتە - يەتتە قىسمى ئۆلۈپ كەتكەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 57 -، 58 - يىللىرى (شۈەندى شىنجۆنىڭ تۆتىنچى يىلى - ۋۇفېڭنىڭ بىرىنچى يىلى) دىكى بەش تەگرىقۇتنىڭ تەخت تالىشىش مەزگىلىگە كەلگەندە بولسا ھونلارنىڭ ئاھالىسى زور دەرىجىدە ئازىيىپ 1 مىليون 750 مىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان، بۇ بەش تەگرىقۇتنىڭ تەخت تالىشىش مەزگىلىدىكى ئاھالە سانىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان. بەش تەگرىقۇت يېغىلىقىدىن كېيىن ئەسكەرلەر ۋە خەلقلەر زور تۈركۈمدە ئۆلتۈرۈلۈپ ۋە ئۆلۈپ، نوپۇس تېخىمۇ ئازىيىپ كەتكەن. خوخانيې تەگرىقۇت يېغىلىقتا غالىب كېلىپ تەگرىقۇت ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئىدارىسى تەۋەسىدىكى ئاھالە ئاران نەچچە ئون مىڭ كىشىگە چۈشۈپ قالغان. قوتتۇش تەگرىقۇت باشچىلىقىدىكى 50 مىڭ ئادەمدىن سوغدىياناغا يېتىپ بارغاندا ئاران ئۈچ مىڭ كىشى ئېشىپ قالغان② دېمەك، يېغىلىقتىن كېيىنكى ئاھالىنى ئەڭ كۆپ بولغاندا 1 مىليون 500 مىڭغا چۈشۈپ قالغان دەپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

مىلادىنىڭ 48 - يىلى (شەرقىي خەن خاقانلىقى گۇاڭۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جەنۋۇنىڭ 24 - يىلى) ھونلار جەنۇبىي ھونلار ۋە شىمالىي ھونلار دەپ ئىككى قىسىمغا پارچىلىنىپ كەتتى. «كېيىنكى خەننامە» گە ئاساسلانغاندا، جەنۇبىي ھونلارنىڭ ئاھالىسى ئەڭ گۈللەنگەندە (مىلادىنىڭ 90 - يىلى، خېدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭيۇەننىڭ ئىككىنچى

① مەسىلەن: بىر قېتىملىق جەڭدە، خەن قوشۇنلىرى قوشارقان، شۈتۈق قاتارلىق تۈپىدىن نەچچە ئون مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئېلىپ كەتكەن. قوشارقان شۈتۈق قاتنى ئۆلتۈرۈپ خەنگە تەسلىم بولغاندا يەنە 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ كەتكەن. «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 - جىلد «ھونلار تەزكىرىسى» ھەمدە 111- جىلد «قىران چەۋەنداز سەنگۈن تەزكىرىسى» گە قاراڭ.

② «خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى» گە قاراڭ.

چى يىلى) «ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئائىلە 34 مىڭغا، نوپۇسى 237 مىڭ 300 كىشىگە، جەڭگىۋار ئەسكەرلىرى 50 مىڭ 170 گە يەتكەن («جەنۇبىي هونلار تەزكىرىسى»). شىمالىي هونلارنىڭ ئاھالىسىدىن مىلادىنىڭ 83 - يىلى (جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى جەنچۇنىڭ سەككىزىنچى يىلى)

خەنگە تەسلىم بولغىنى 38 مىڭ كىشى؛ مىلادىنىڭ 87 - يىلى (جاڭخېنىڭ بىرىنچى يىلى) غۇتۇشۇ قاتارلىقلار باشچىلىقىدا خەنگە تەسلىم بولغىنى 200 مىڭ كىشى، جەڭگىۋار ئەسكەرلەر سەككىز مىڭ كىشى («جەنۇبىي هونلار تەزكىرىسى») ؛ مىلادىنىڭ 89 - يىلى (خېدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭيۈەننىڭ بىرىنچى يىلى) خەنگە تەسلىم بولغانلار 200 مىڭدىن كۆپرەك، يۇقىرىدىكىلەرنى قوشقاندا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خەنگە تەسلىم بولغانلار جەمئىي 440 مىڭ كىشىگە يېتىدۇ. مىلادىنىڭ 91 - يىلى (يۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) شىمالىي هونلار تەڭرىقۇتى ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا غەربكە باشلاپ كەتكەن بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ زادى قانچە ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن بولمىغاندىن باشقا (رورانلارنىڭ شىمالىي هونلاردىن قانچىلىك ئادەمنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس؛ مىلادىنىڭ 91 - يىلى يۇرتجان باشچىلىقىدىكى 20 مىڭ ئادەمنىڭ ھەممىسى كېيىن تولۇق يوقىتىلغان، شۇڭا ئۇلار بۇ سانغا كىرگۈزۈلمىدى)، شۇ ۋاقىتتا قوملۇقنىڭ شىمالىدا قېپقالغان بەش - ئالتە يۈز مىڭ هون سىيانپىلارغا قوشۇلغان، بۇنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان 440 مىڭ كىشىگە قوشقاندا شىمالىي هونلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاھالىسى تەخمىنەن 1 مىليون ئۆپچۆرىسىدە بولغان بولىدۇ. ئەگەر بۇنى جەنۇبىي هونلارنىڭ 237 مىڭ ئاھالىسىغا قوشۇپ ھېسابلىساق مىلادى 90 -، 91 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە هونلارنىڭ پۈتكۈل ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بولغاندا 1 مىليون 300 مىڭ كىشىدىن ئاشىدۇ.

قىسقىسى، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە هونلار تازا گۈللەنگەن چاغلاردا ئۇنىڭ ئاھالىسى تەخمىنەن ئىككى مىليون ئەتراپىدا ئىدى؛ شۇئەندى زامانىسىغا كەلگەندە بەش تەڭرىقۇتنىڭ تەخت تالىشىشى تۈپەيلىدىن ئاھالە كېمىيىپ 1 مىليون 750 مىڭغا، بەش تەڭرىقۇت يېغىلىقىدىن كېيىن تېخىمۇ ئازلاپ 1 مىليون 500 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. هونلار ئاجىزلاپ ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئاھالىسى كېمىيىپ ئاران 1 مىليون 300 مىڭ كىشى قالغان. هونلاردا قۇللارنىڭ سانىنى 300 مىڭ كىشى دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا بۇ پۈتكۈل هونلار ئاھالىسىنىڭ يەتتىدىن بىر قىسمىنى ياكى بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

مۇنداق كېلەچەكسىز قۇللار ئاھالىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلىنغانلىقىدا شەك يوق. كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلىلەردىن كەلگەنلەر چارۋىچى قۇل قىلىنغان؛ يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدىن كەلگەن خەنلىكلەر دېھقان قۇللارغا ئايلاندۇرۇلغان؛ بۇلاردىن ھۈنىرى بارلار ئىشچى قۇل قىلىنغان. بۇنى تۆۋەندىكى مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلاش مۇمكىن. بىرىنچى، يۇقىرىدا تىلغا

ئېلىنىپ قېچىپ كەتكەن دېيىلگەن ھېلىقى «جىنلار» نىڭ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن يەنىلا بۇرۇنقىدەك «سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ» كۆچمەنچارۋىچىلىق ھاياتىنى كۆچۈرگەنىكەن، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ھونلاردا چارۋىچى قۇل بولغانلىقى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم؛ ئىككىنچى، ھونلار قۇدۇق كولاپ يەر سۇغىرىش، شەھەر بىنا قىلىش، ئۆي- ئىمارەت سېلىپ ئاشلىق ساقلاش جەھەتلەردە تامامەن خەنلىكلەردىن پايدىلانغان؛ قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھون قەۋرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان قېزىلمىلار ئىچىدە خەنلىكلەر ئىشلىتىدىغان تۆمۈر ئوغاق، ساپان قاتارلىق نەرسىلەر بار. بۇ خەنلىكلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئەمگەكلىرىگە قاتنىشىپ تېرىقچىلىق قۇللىرى بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر؛ ئۈچىنچى، نويان تاغلىرىدىن قېزىۋېلىنغان قېزىلمىلار ئىچىدە ھونلارنىڭ مىس، تۆمۈر قوراللىرىدىن خەنلىكلەرنىڭكىگە تەقلىد قىلىپ قويۇلغانلىرى ناھايىتى كۆپ، شەكسىزكى، بۇ نەرسىلەر خەنلىكلەردىن بولغان ئىشچى قۇللارنىڭ قولىدىن چىققان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى سودا - سېتىقتا ماھىر غەربىي يۇرتلۇق بىر قىسىم كىشىلەردىن ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرى تاۋار يۆتكەپ ساتىدىغان سودىگەر قۇل ئورنىدا پايدىلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قۇللاردىن ئائىلە ئەمگىكىگە سېلىنغانلىرىمۇ بولغان؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزى ياش، ساھىبجامال ئايال قۇللار خوجايىنى تەرىپىدىن كىچىك خوتۇن قىلىۋېلىناتتى. مەسىلەن: شەرقىي خەننىڭ ئاخىرلىرىدا «خۇ چەۋەندازلارلىرى» تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ، كېيىنچە سولقول قاننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەن سەيۋىنجى ① بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ھونلارغا ئەسىر چۈشۈپ قۇل قىلىنغانلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە قاتناشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن ھونلاردىكى قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىمدىكى قۇلدارلىق تۈزۈمى بىلەن سەل پەرقلىنىدىغان ھەم ئوخشىشىپ كېتىدىغان جايلىرى بار.

بىرىنچىدىن، قۇل ئىگىلىگەن ئادەتتىكى ھونلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى قۇللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە سالغاندىن تاشقىرى ئۆزلىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئايرىلمايتتى، چۈنكى ھونلار كىچىكىدىن تارتىپلا ئىشلەپچىقىرىش سېپىگە قوشۇلاتتى، ئەسكەرلىك قورامىغا يەتكەندە بىردەك «چەۋەنداز» قىلىپ ئايرىلسىمۇ ئەمما ئۇرۇش قىلمىغان ۋاقىتتا يەنىلا ئوۋ ئوۋلاش ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ھەم چەۋەنداز، ھەم چارۋىچى ئىدى. شۇڭا «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دە ھونلار «ئادەتتە، چوپانلىق قىلىپ، ئوۋ ئوۋلاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا بولسا، ھەممىسى ئاتلىنىپ، جەڭ مەشقى ئېلىپ بېرىپ، باسمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى مانا شۇنداق ئىدى» (ھونلارنىڭ تەبىئىتى ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ يىغىندىسىغا باراۋەر)، يەنى ھونلاردا ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتى بىلەن ھەربىي تەشكىلات بىر گەۋدە قىلىنغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە

① «كېيىنكى خەننامە» 84 - جىلد

جەڭ قىلىشنى ئوخشاشلا «چەۋەندازلار»ئۈستىگە ئالاتتى،ئۇلار مال پادىلىرىنى ھەيدەپ،
سۇ، ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ يۆرۈپ چارۋىچىلىق قىلاتتى، جەڭ ۋاقتىدا بولسا،
ئوقيا بىلەن قوراللىنىپ جەڭگە كىرەتتى؛ كۆچمەن چارۋىچىلىق ياكى ئوۋ ئوۋلاش جەر-
يانىدا جەڭ كۆتۈرۈلۈش ( بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ياكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىش ) ئېهتى-
مالىمۇ ھەر ۋاقىت مەۋجۇت ئىدى . كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىتانلارنىڭ « ۋەقە يۈز بەرگەن-
دە جەڭ بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا بېلىقچىلىقتا تايىنىپ تىرىكچىلىك
قىلىش »ى ① ، موڭغۇللارنىڭ « ئاتقا مىنىپ جەڭگە ھازىرلىنىشى ، ئاتتىن چۈشكەندە
چارۋا تۇپلىشى » ② دەل مۇشۇ خىلدىكى ئەھۋالدۇر .

ھون چەۋەندازلىرى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، بەل-
كى بەزىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغىمۇ قاتنىشاتتى. «خەننامە» 96- جىلد «غەر-
بىي يۇرت تەزكىرىسى » دە « چاۋدى زامانىدا [ ئويسۇندىكى ] مەلىكە يۇقىرىغا سۇن-
غان مەكتۇپىدا ھونلارنىڭ چەۋەندازلارنى قوشقا ئەۋەتىپ تېرىقچىلىق قىلدۇرغانلىقىنى
مەلۇم قىلدى » دېيىلگەن . يەنە « چاۋدى زامانىدا ھونلار 4 مىڭ ئاتلىقنى قوشقا
قايتا ئەۋەتىپ تېرىقچىلىق قىلدۇردى ، شۈەندى تەختكە چىققاندىن كېيىن 50 مىڭ كە-
شىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ ھونلارغا زەربە بەردى ، قوشتا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان ھونلار
ئالمان ـ تالمان قېچىپ كەتتى » دېيىلگەن . بۇنىڭدىن ھونلارنىڭ چەۋەندازلىرى بە-
زىدە جەڭ قىلغۇچى قوشۇن سۈپىتىدە قوشنى مۇداپىئە قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن
يېزا ئىگىلىك قوشۇنى سۈپىتىدە قوشتا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ .

ھونلاردا ئورغۇن قول سانائەت كەسپلىرى ، بولۇپمۇ مېتالچىلىققا ئائىت ئىشلارنى
خەن سۇلالىسىدىن بولغان قۇللارنىڭ ئۈستىگە ئالغانلىقى شەك شۈبھىسىزدۇر . بىراق بۇ
ھەممىۋا قول سانائەت ئەمگىكىنى خەن سۇلالىسىدىن بولغان قۇللار ئۈستىگە ئالغان دېگەن-
لىك ئەمەس . مەسىلەن : ساپالچىلىق ، ئوقيا ياساش ، كىگىز جۇۋا ، پىشلاق تەييار-
لاشقا ئوخشاش ئىشلارنى ھونلارنىڭ ئۆزلىرى كۆپرەك قىلاتتى . يات سۇلالىدىن بولغان
بىر قىسىم قۇللاردىن ياردەمچى ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە پايدىلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن .

قىسقىسى ، ھونلار جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدە يۇقىرى قاتلام ئاق-
سۆڭەكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، قول ئىگىلىگەن ئادەتتىكى ھونلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىش-
لەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشاتتى . بۇ ، قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىمدىكى قۇلدارلار
( ئەركىن پۇقرالار ) نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە تامامەن قاتناشمايدىغانلىقى
ھەتتا ئەمگەكنى كەمسىتىدىغانلىقىدىن پەرقلىنىدۇ . دېمەك ، ھونلاردا قۇللارنىڭ سانى
قەدىمكى گرېتسىيە ، رىمدىكى قۇللارنىڭ سانىدەك ئۇنداق كۆپ بولمىسىمۇ ۋە يەنە ھون-
لاردا قۇللارنىڭ نىسبىتى قەدىمكى گرېتسىيە ، رىمدىكى قۇللارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت
ئاھالىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىدەك ئۇنداق چوڭ بولمىسىمۇ ( قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىم-
دا ھەر بىر ئەركىن پۇقرانىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر نەچچىدىن قۇللىرى بولاتتى )،
لېكىن ھونلار جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتى بىلەن ھەربىي تەشكىلاتىنىڭ

ئۆز ئارا بىرلىشىپ كېتىشىدەك بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھونلاردا ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە تولۇق قاتنىشىشىغا سەۋەب بولغان . شۇڭا ئۇلاردا قۇللارنىڭ
سانى ئازراق ، يەنە كېلىپ بۇ قۇللارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىدا ئىگىلىگەن نىس-
بىتى كىچىكرەك بولسىمۇ ، بۇ ، ھونلاردا قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشىگە توسالغۇ بو-
لالمىغان . ۋەھالەنكى ، قۇللارغا تولۇق تايانمىغان ھالدا پۈتكۈل جەمئىيەتنى بېقىشنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقىشتەك بۇ خىل ھادىسە دەل ھونلار جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سە-
ۋىيىسىنىڭ تۆۋەنرەك ئىكەنلىكىنىڭ ئىنكاسىدۇر . بۇنداق نىسبەتەن تۆۋەن ئىشلەپچىقى-
رىش سەۋىيىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان قۇلدارلىق تۈزۈمىنى قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىمدىكى-
دەك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى يۇقىرى ، سودا سانائەت كەسىپلىرى ناھايىتى راۋاجلان-
غان قۇلدارلىق تۈزۈمى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقى تەبىئىي ئىش . شۇنىڭ
ئۈچۈن ھونلاردىكى قۇلدارلىق تۈزۈمى قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىمنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈ-
مىدەك ئۇنداق پىشىپ يېتىلمىگەن ۋە ئۇنداق تولۇق تەرەققىي تېپىشىنىڭ پۇرسەت ھەمدە
شەرت - شارائىتلىرىغا ئىگە بولمىغان . شۇنداق بولسىمۇ لېكىن پىشىپ يېتىلمىگەن ،
تەرەققىي تاپمىغان قۇلدارلىق تۈزۈمىمۇ ئوخشاشلا قۇلدارلىق تۈزۈمىدۇر . ھالبۇكى پىشىپ
يېتىلمىگەن ، تەرەققىي تاپمىغان بۇنداق قۇلدارلىق تۈزۈمدە قۇللار ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ
ئېغىر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەركىن چار-
ۋىچىلارنىڭمۇ قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە قاتنىشىشى ھونلارنىڭ قۇلدارلىق
تۈزۈمى بىلەن قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىمدىكى قۇلدارلىق تۈزۈمىنى بىر ئاز پەرقلەندۈ-
رۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىدۇر .

ئىككىنچىدىن ، ھونلارنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى بىلەن قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىمدى-
كى قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئوخشىمايدىغان يەنە بىر يېرى شۇ ئىدىكى ، ھونلارنىڭ ئىش-
لەپچىقىرىشتىكى ھەرىكەتچانلىقى ۋە تارقاقلىقى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ھەددىدىن
زىيادە مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى ھەددىدىن زىيا-
دە چوڭ قىلالمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھونلار « ئەسىر ئالغان
ئادىمىنى ئۆزى قۇل قىلاتتى » . ھەر بىر جەڭچى تۇتۇپ كەلگەن ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى
ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئالاتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ئىگە بولغان قۇللار پەقەت كەمدىن-
كەم سورۇنلاردىلا توپلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنالايتتى ( مەسىلەن : چوڭاي
تاغلىرى ۋە جاگىيېدىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى قول سانائەت فاكتورلىرىدا ) ، ئائىلە-
ئائىلىلەرگە بۆلۈنگەن قۇللار مۇستەقىل ئائىلىلەردە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ نازارىتى
ئاستىدا ئەمگەكنىڭ ئاساسلىق كۈچى سۈپىتىدە پايدىلىنىلاتتى . ھەتتا مۇتلەق ئاز سان-
دىكى قۇللار « ئاسراندى ئوغۇل » ياكى « كىچىك خوتۇن » سالاھىيىتىدە خوجايىنلىرى
بىلەن بىرگە تۇراتتى ( مەسىلەن : سەيۈنجى ) . بۇ ھال كۆپ ھاللاردا كىشلەرنى ئا-
سانلا « مەركەزلەشتۈرۈلمىگەن ۋە كۆلىمى چوڭ بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش-زور تۈركۈم-
دىكى قۇللارنى ئۆزىگە سىغدۇرالمايدۇ» دەيدىغان خاتا تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ .

ھونلاردا قۇللارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئائىلىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن قارىماققا

بۇ قۇللار كۆپلىگەن ئائىلە ئەمگەكلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما كۆچ-
مەن چارۋىچى مىللەتلەردىكى ئائىلە ئەمگىكىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن پەرق-
لەندۈرۈش كۆپ ھاللاردا تولىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا چارۋا ھەم تۇرمۇش
ۋاستىسى، ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ، چارۋىلارنى بېقىش، سۇغىرىش،
قوتانغا سولاش، تۆل ئېلىش، قويلارنىڭ يۇڭىنى قىرقىش، سۈت سېغىش ۋە ئائىلە
قول سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىش — ھەم ئائىلە ئەمگىكى، ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدۇر.
بۇ خىل ئەمگەك بىلەن قامچا ئۇتۇپ چارۋا بېقىش، يادا بىلەن بىللە سۇ، ئوت-چۆپ
قوغلىشىپ يۈرۈش چارۋىچىلىقتىكى ئوخشىمىغان ئىش تۈرىدىنلا ئىبارەت بولسىمۇ لېكىن
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى بىر ئىش تەرتىپىگە تەئەللۇقتۇر، يەنە
كېلىپ بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىش تەرتىپىدۇر. شۇڭا بۇ خىل ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىد-
غان قۇللارمۇ ئوخشاشلا ئىشلەپچىقىرىش قۇللىرى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بەزى ئالىملار
مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا دائىر خاتا چۈشەنچىگە ئاساسلىنىپ، ھونلارنىڭ ئىجتىمائىي
تۈزۈمىنى ئائىلە باشلىقى قۇل قىلىش تۈزۈمى ( غەيرى قۇلدارلىق تۈزۈمى ) دەپ ئاتە-
شىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ئوخشاشلا قۇلدارلىق تۈزۈمىدۇر. بىراق كۆچمەن چارۋىچىلىق
ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بۇنداق قۇلدارلىق تۈزۈم قەدىمكى
گرېتسىيە ۋە رىمدىكى قۇلدارلىق تۈزۈم بىلەن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە، خالاس.

ئۈچىنچىدىن، ھونلاردا قۇللارنىڭ ئەھۋالى قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىمدىكى قۇل-
لارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئازراق پەرقلەنسىمۇ لېكىن ئۇلار ئورۇن جەھەتتە يەنىلا بىر خىل
«سۆزلىيەلەيدىغان قورال» دىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى ئۇلار خوجايىنلارنىڭ ئاتە-
لىملىرىدە شۇ ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلىپلا قالماي بەلكى ئەڭ ئېغىر
ئەمگەكلەرنى ئۈستىگە ئالاتتى، ئەڭ شەپقەتسىز ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى. نەزىر-
چىراغ مۇراسىملىرىدا ئادەمگە ئېھتىياج چۈشكەندە ئۇلار كۆپىنچە نەزىرلىك قىلىناتتى
( مەسىلەن: ھون ئاقسۆڭەكلىرى زور تۈركۈمدىكى قۇللارنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ھەم
دەپنە قىلىپ كۆمدۈرەتتى ). ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھونلارنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىدە قەدىم-
كى گرېتسىيە ۋە رىمدىكى قۇلدارلىق تۈزۈمگە ئوخشاشلا قۇللارنى ئېلىپ-سېتىش ( قۇل
سودىسى ) بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان.

ئۆتىنچىدىن، بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، قۇللار ئىچكى سەۋەب ئارقىلىق مەي-
دانغا كەلگەن بولۇشى لازىم. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە يەر-زېمىن ( قىرما ۋە
ئوتلاق ) ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئۇرۇقنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئورتاق پاي-
دىلىنىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا خۇسۇسىي زېمىنغا ئىگە بولۇش ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇ-
شى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. دېمەك ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پاتىرىئارخاللىق مۇناسە-
ۋەت ( ئۇرۇقداشلار ئارىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەت ) مۇ ناھايىتى مۇستەھكەم بو-
لۇپ، قۇللارنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشىمۇ ئاسان ئەمەس. دېمەك، ھونلارنىڭ باشقا مىللەت-
لەردىن زور تۈركۈمدە قۇللارنى بۇلاپ كەلگىنىگە قاراپ، ئۇنى قۇلدارلىق تۈزۈم دەپ
ھېسابلاشقا بولمايدۇ ①.

ئەمەلىيەتتە، ئىچكى سەۋەب دېگىنىمىز بىر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قە-
لىپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەن، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئورنىتىلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇ-
رۇلغان، چارۋىچىلىقمۇ ناھايىتى راۋاجلانغان، ئىشلەپچىقىرىشتا ئادەم يېتىشمەسلىكى

① ئوۋ پاڭنىڭ: «ھونلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى» «شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي
ژۇرنىلى» نىڭ 1958 - يىل 4 - سانىغا قارالسۇن.

ھېس قىلىنىپ ، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا قۇللارنى ئەمگەكچى سۈپىتىدە قوبۇل قە-
لىش ۋە ئۆز قوينىغا ئېلىپ ، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا ئاتلاندۇرۇش ئىمكا-
نىيىتى ۋە شەرت - شارائىتلىرىنى ھازىرلىغانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان . مۇشۇنداق
ئىمكانىيەت ۋە شەرت - شارائىتلار ھازىرلانسا ، خۇسۇسىي مۈلۈكدارلار يات مىللەتلەر-
دىن ئېلىنغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ ياكى يات مىللەتتىن بولغان ئۇرۇش
ئەسىرلىرىنى مەقسەتلىك ھالدا بۇلاپ كېلىپ ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ . قۇل-
لارنىڭ ئالدى بىلەن ئۆز ئۇرۇقى ئىچىدىن بۆلۈنۈپ چىقىشىنىڭ ئىچكى سەۋەب ھېسابلى-
نىشىمۇ ئاتايىن . ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا تاشقى سەۋەبمۇ ھەل قىلغۇچ رول
ئوينىيالايدۇ ① .

ئۇنىڭدىن باشقا ، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى يەر
ئەمەس بەلكى چارۋا - مال ②. شۇنداق ئىكەن ، يەرلەرگە خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقنىڭ
يۈرگۈزۈلۈش - يۈرگۈزۈلمەسلىكىنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئانچە
چوڭ مۇناسىۋىتى يوق . ئەگەر بۇ نۇقتا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنمىسا ، چارۋىچى مىللەتلەر
بىلەن يېزا ئىگىلىك مىللەتلىرىنىڭ پەرقىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ . بەزى ئالىملار « يېزا
ئىگىلىك جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى يەر » دېگەن سۆزنى نا-
مۇۋاپىق ھالدا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكتىن ، خاتا ھالدا
ھونلار جەمئىيىتى قۇلدارلىق تۈزۈمنى باشتىن كۆچۈرمىگەن دېگەن يەكۈننى چىقارغان.
ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىمدىكى قۇللارمۇ ئاساسلىقى ئۆز
مىللىتى ئىچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان گرېكلەر ۋە رىملار بولماستىن بەلكى دېڭىز قاراقچى-
لىقى ۋە ئۇرۇش داۋامىدا بۇلاپ كېلىنگەن ئۇرۇش ئەسىرلىرى ياكى قۇل بازىرى ئار-
قىلىق سېتىۋېلىنغان يات مىللەت ئاھالىلىرى ئىدى ( بۇ ھەقتە دۇنيا تارىخى دەرسلىك-
لىرىدىن بايانلار بار ) . ھالبۇكى ، ئاساسلىقى يات مىللەت ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قۇل
قىلىشنى قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسى قىلىشمۇ قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا
ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىكى قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ
بىرىدۇر ، بۇ ، ھونلاردىلا ئەمەس بەلكى ھونلاردىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان
سىيانپىي، روران، تۈرك ، ئۇيغۇر ، كىدان ، موڭغۇللاردىمۇ شۇنداق ئىدى . ھون قاتار-
لىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە بۇ نۇقتى-
غا سەل قاراشقا بولمايدۇ .

---

① لېۋچاڭلىن: « تاشقى سەۋەبنىڭ شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى رولى » ، « ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش » ژۇر-
نىلى ، 1980 - يىل 5 - سان .

② خۇددى ماركس « كاپىتال »نىڭ « ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى فورماتسىيىلەر » دېگەن كىتابىدا ئېيتقىنى-
دەك « كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردە كوممۇنا ئەمەلىيەتتە بىر يەرگە توپلىنىشتۇر ، ساياھەت تۈمىكى ، كار-
ۋان سودىسى ۋە كۆچمەنلەر توپى شۇنىڭ ئۆزى ... بۇ يەردە ئىگىلەنگىنى ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىلغىنى يەر ئە-
مەس بەلكى چارۋىدىنلا ئىبارەت ... » ( خەنزۇچە ، 27 - بەت ) . يەنە « كونا تاڭنامە » 62 - جىلد « جىلى
يۈەنشۇ تەزكىرىسى » دە تۈركلەرنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ بېرىلگەندە تاڭ ئەلچىسى جىلى يۈەنشۈنىڭ « تۈركلەرنىڭ
رودان ئېيتىپ كۆرگەنلىرىڭىز ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىدا ئۇلارنىڭ قوي ۋە ئاتلىرى بەردىنىپ ئۆلۈپ قېلىشىدۇ »
دېگەن سۆزى بار . « لياۋ تارىخى » 59 - جىلد « ئوزۇق - تۈلۈك ، مال - مۈلۈك تەزكىرىسى » دىمۇ « كىدان-
لارنىڭ ئۆرۈپ ئادىتىدە باي - زەردالىق ئات بىلەن ، كۈچ - قۇدرەت ئەسكەر بىلەن ئۆلچىنىدۇ . ئاتلار سۇ-
ۋت - چۆپ دوقلىشىدۇ ، ئادەملەر يىشلاق تەييارلاپ ئىچىشىدۇ . تۇغيا قارتىپ ئۇۋ ئوۋلاپ كۈندىلىك لازىمەتلىك-
لىرىنى تەييارلايدۇ ، ئوزۇق - تۈلۈك ، ئوت - چۆپ تەييارلاشتا شۇنىڭغا تايىنىدۇ . » دېيىلگەن . ھونلارغا دائىر
يازما ماتېرىياللاردا « تاڭنامە » ۋە « لياۋ تارىخى » دا يېزىلغىنىدەك ئۇنداق مۇۋاپىق خاتىرىلەر بولمىغىنى ئۈ-
چۈن ، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر قاتارىغا كىرىدىغان تۈرك ۋە كىدانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن
پايدىلاندىم .

# ئۇيغۇر يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى ۋە مەشھۇر شەخسلەر

ئىبراھىم نىياز

## مۇقەددىمە ئورنىدا

ئۇيغۇرلار قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ دۇنيا مەدەنىيىتىگە جۈملىدىن ئېلىمىز جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى. بۈيۈك سودا كارۋان يولى بولغان « يىپەك يولى » ئۇيغۇرلار تارىخىدا تۈرلۈك جەھەتلەردىن زور رول ئوينىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ھەم يىپەك يولىنىڭ ئەۋزەللىكى « غەربىي يۇرت » مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئىسلام دىنى تارقىلىشى بىلەن خەلقىمىز ئەرەب، پارس شۇنداقلا شەرقىي روما مەدەنىيىتى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر بارلىققا كەلدى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۈكسىلىشلەر تۈرتكىسىدە شىنجاڭدا قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا تۈرلۈك ئىلىملەر بويىچە ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى بارلىققا كېلىپ، ئەينى دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، بىر بۆلۈك ئالىم - ئەدىبلەر، تارىخچىلار، مۇدەررىسلەر، تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيا شۇنداقلا ئوتتۇرا شەرقتە نام چىقىرىپ شۆھرەت قازاندى.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، بۇ زېمىندا تاكى ئاپئاق خوجا دەۋرىگىچە مەھمۇت قەشقىرىدەك يېتۈك ئالىملار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىپ، «ساچىيە مەدرىسى» گە ئوخشاش ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ئۈزلۈكسىز قۇرۇلۇپ تۇردى. سەئىدىيە خانلىقى يوقىلىپ، جۇڭغار قالماقلىرى ھامىيلىقىدىكى ئاپئاق خوجا ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، يۇرتىمىزنى جاھالەت تۇمانلىرى قاپلاپ، مەدەنىيەت خارابلىشىشقا يۈزلەندى، ئىلگىرىكى گۈللىنىشنىڭ ئورنىنى مۇستەبىتلىك، چىرىكلىك، خارابلىق ئىگىلىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. لېكىن شىنجاڭ خەلقى يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن قۇتۇلالمىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر خەلقى مائارىپتىن، دۇنيا يېڭىلىقلىرىدىن ئىزچىل تۈردە يىراقلاشتۇرۇلدى. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار ھەتتا جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ۋە يېڭىلىقلارنىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قامال قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئاسارەت ئاستىدا تۇتۇپ كەلدى.

1917 - يىلىدىكى روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بىر تۈركۈم مەرىپەتپەرۋەر، ئەلسۆيەر، ۋىجدانلىق، ئىبتىدائىلىق كىشىلەر چەتئەللەرگە چىقىپ، قوشنا ئەللەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، خەلقىمىزنىڭ دۇنيا يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى، مەدەنىيەت، مائارىپ تەرەپلەردە تولىمۇ ئارقىدا قالغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. بۇنداق ھالەت ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئوت تۇتاشتۇردى، ئۆزىنى، ئۆزگىنى تونۇتتى، خەلقنى ئويغىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدۇردى. ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟ مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى ئەلۋەتتە مائارىپتا ئىدى. شۇڭا، بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىشنى ئۆز يۇرتلىرىدا پەننىي مەكتەپ ئېچىشتىن باشلاپ، قالاق، بىكىك مەدەنىيەتكە، چىرىك، مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە جەڭ ئېلان قىلدى. ئالدى بىلەن 1885 - يىلى ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار ئۆز يۇرتى ئىكساقتا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، شىنجاڭ ئىلىم تارىخىدا تۇنجى قەدەمنى باستى.

تارىخ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەم قويغاندا خەلقئارادىكى زور ئۆزگىرىشلەر، يۇرتىمىزدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى... قاتارلىق ئامىللار ۋە خەلقنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئويغانغانلىقى سەۋەبىدىن شىنجاڭدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر ئۆزلۈكسىز ئۆردە بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. مۇشۇ دەۋرلەردە قۇرۇلغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى ئىكساق، تۇرپان، كۇچار، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا بۇرۇنراق قۇرۇلغان مەكتەپلەر قامداپ ماڭدى ...

بۇ ماقالىدا XIX ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە يۇرتىمىزدىكى مەدرىس - مەكتەپلەردە ھەمدە چەت ئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۆمرىنى ئىلىم مەرىپەتكە ئاتىغان، مۇشۇ يولدا كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، قان - تەر تۆككەن، خەلقىمىز ئىچىدە ۋە چەت ئەللەردە مەشھۇر بولغان ئۇستاز، ئەدىب، مۇئەررىخ ۋە سەنئەتكارلىرىمىزدىن بىر قىسمىلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى لايىق كۆردۈم.

كەسىپداشلار ۋە مۇشۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ تەنقىدى پىكىرلىرىنى قارشى ئالىمەن.

## شائىر مەھمۇد ھەكىم بەگ

مەھمۇد ھەكىم بەگ 1815 - يىلى ئاتۇشنىڭ مەشئەت يېزىسىدا ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەلۇماتنى يۇرتىدا ئالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئەينى چاغدا داڭلىق بىلىم يۇرتى ھېسابلانغان قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، «سۇلتانىم» مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان.

ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆتۈرۈلگەن تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ خەۋەرلىرى شىنجاڭغا كېلىشى بىلەن يۇرتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى نارازىلىقلار ۋە قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

مەھمۇد ھەكىم بەگمۇ شۇ قاتاردا ئۆز يۇرتى ئاتۇشتا ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ، خەلقنى قوراللاندۇرۇپ، ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئاتۇشتىكى ئىنقىلابچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئەپۇسكى، قەشقەر جۇملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە تېخى قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلمىگەچكە، كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە دۈشمەندىن كۆپ ئاجىز بولغان بۇ قوزغىلاڭچىلار ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇب بولدى. مەھمۇد ھەكىم بەگ بىر تۈركۈم قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ پەرغانىگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى ... مەھمۇد ھەكىم بەگ پەرغانىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بوزۇرۇك خان تۆرە ۋاقتىدا ھەربىي قوماندان، شاغاۋۇل، ھۆدەيچى، پەرۋانىچى، سالام ئاغىسى قاتارلىق يۇقىرى ئەمەللەرنى تۇتقان ... ياقۇب بەگ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى مەھمۇد ھەكىم بەگنى ھەمراھلىرى بىلەن قۇمۇلغا سۈرگۈن قىلغان. شۇ چاغدا ئۇ،ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىكىنى «مۇزلىدى» ناملىق شېئىرى بىلەن مەسخىرە قىلغان.

ئۇ 1900 - يىلى سۈرگۈندىن ئازاد بولۇپ، يۇرتى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن ۋە 1901 - يىلى 86 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. جەسىتى ساتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى يېنىدىكى چاھار باغ زاراتگاھلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

مەھمۇد ھەكىم بەگ ئالدى بىلەن بىر ئىنقىلابچى، ۋەتەن سۆيەر، ۋىجدانلىق كىشىدۇر. ئۇ چەتئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا ئۆز ۋەتىنىنى تولىمۇ ئەزىزلىگەن. ئۇنىڭ يەتتە بوۋىسى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شەيخى بولغان. ئانىسى ھەمرابىبى تولىمۇ ئوقۇمۇشلۇق، جەسۇر، قەيسەر ئايال ئىدى. ئاتوشتىكى قوزغىلاڭدا ئەسىرگە چۈشكەن ئىبرى مىر ئەھمەد شەيخ ئاخۇنۇم ۋە شۇ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىگە قەشقەر دوتەيى ئۆلۈم جازاسى بەرگەندە، ئۇ، جازا مەيدانىدا ئوقيا بىلەن دوتەيىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىمۇ شەھىد بولغان.

مەھمۇد ھەكىم بەگ تالانتلىق شائىر ئىدى. ئۇ ئانىسى ۋە ئاتىسىنىڭ شەھىد بولغانلىقىنى پەرغانىدا ئاڭلاپ، تولىمۇ قايغۇرغان؛ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىنى ياد ئەتكەن ۋە چىن ھېسسىياتى ئۇرغۇپ مۇنداق نەزمە تۈزگەن:

تېنىم مۇندا، دىلىم ئۇندا يۇرتۇم بولدى مىڭ پارە،
مالائىكلەر سورار بولسا مېنىڭ ئەپغانلىرىم قاندۇر.

مەھمۇد ھەكىم بەگ پەرغانىدىكى ۋاقتىدا تىل، ئەدەبىيات ۋە باشقا پەنلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇرغۇن ئەمەلىي بىلىم ۋە ماتېرىياللارنى توپلىغان. ئۇ ئانىسى ھەمرا بىبىنى ئەسلەش، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش، ئانىسىنىڭ جەڭگىۋار روھىنى يادلاپ تۇرۇش مەقسىتى بىلەن «ھەمرايى» تەخەللۇسىدا ئاجايىپ لىرىكىلىق، تەسىرلىك غەزەللەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ھازىر ئەل ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ، يۈكسەك شۆھرەت قازانغان «ھەمرايى غەزەللىرى» ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىندۇر.

شائىر بۇلاردىن باشقا خېلى كۆپ يىرىك ئەسەرلەرنى يازغان. بىزگە مەلۇم بولمىغىنى «تارىخنامەئى ياقۇبخان»، «زەپەرنامە»، «يۇسۇپ - زۇلەيخا» قاتارلىقلاردۇر.

مەھمۇد ھەكىم بەگ بىلەن زاماندىش بولغان قەشقەرلىك ئابدۇقادىر قازى كالان ئاخۇنۇم ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتىغا «مەھمۇد ھەكىم بەگ ناۋايى ئەمەس، بىراق ئۇ ناۋايىدىن كەم ئەمەس» دەپ يۇكسەك باھا بەرگەن. XX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۆتكەن مەشھۇر دىنىي ئۆلىما شەمسىددىن داموللام ئۇنى:

«سانى مەھمۇد قەشقىرى مۇرىدى ئاتۇش مەشھەدى،
ئاتىسى مىر ئەھمەدى سۇلتان ساتۇق شەيخى ئىدى»

دەپ تەرىپلىگەن.

دېمەك، ئابدۇقادىر قازى كالان ئاخۇنۇم مەھمۇد ھەكىم بەگنى ناۋايى بىلەن سېلىشتۇرغان بولسا، شائىر شەمسىددىن داموللام ئۇنى «ئىككىنچى مەھمۇد قەشقىرى» دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

## «ھۈسەينىيە» مەكتىپىنىڭ تۇنجى مۇدىرى كەرىمئاخۇن خەلىپىتىم

كەرىمئاخۇن خەلىپىتىم ئۇيغۇر پەننىي مەكتىپى تارىخىدىكى پارلاق مەشئەل، «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ تۇنجى مۇدىرى، پەننىي مەكتەپ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى.

ئۇ، 1860 - يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىگە تەۋە ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەلۇماتنى ئۆز يۇرتىدىكى دىنىي مەكتەپتە — «ھۈسەينىيە» مەكتىپىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مۇدىرى پېشقەدەم مائارىپچى سەئىدىن ھاجىم، چوڭ غوجىكام، سەئىدىن موللا قاتارلىق يۇقىرى سەۋىيىلىك كۆپ تىللىق زىيالىيلار قولىدىن ئالغان. كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسكە كىرىپ، ئاتاقلىق مۇدەررىسلەرنىڭ تەربىيىسىدە بولغان. 1883 - يىلى باھاۋىدىن باي تەرىپىدىن قازان دارىلمۇئەللىمىنىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئىككى يىل ئوقۇپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1885 - يىلىدىن 1888 - يىلىغىچە «ھۈسەينىيە» مەكتىپىنىڭ تۇنجى مۇدىرى بولغان. 1888 - يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 28 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

كەرىمئاخۇن خەلىپىتىم كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىم - مەرىپەتكە ئىشتىياق باغلىغان تەلەپچان ئوقۇغۇچى بولۇپ، خانلىق مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن. ئىسلام مائارىپى كىلاسسىكلىرى ۋە ئىسلامچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوبدان تونۇشقان. ئۇ، قازان دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا تۈركلۈك بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن بىر چاغدا روس، تاتار، تۈرك تىللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن. ئاشۇ تىللار ۋاسىتىسى بىلەن ياۋروپا مەدەنىيىتى ۋە مائارىپى بىلەن ئوبدان تونۇشقان. ئۇنىڭ قازاندا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە بەكرەك كۆڭۈل بۆلگىنى

ياۋروپاچە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولغان.

كەرىمناخۇن خەلىپىتىم ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى تېزلا جارى قىلدۇرغان. ئۇ مەكتەپ مۇدىرى بولۇپلا «بەش كىشىلىك مۇدىرىيەت ھەيئىتى» ۋە «توققۇز كىشىلىك ئاتا - ئانىلار ھەيئىتى» تەشكىل قىلغان. بۇ،غەربچە مائارىپنىڭ يۇرتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، ئۇ، دەرس تەسىس قىلىشتىمۇ چەتئەلنىڭ نەرسىلىرىگە ياكى كونىچە مەكتەپلەر دەرسلىرىگە چوقۇنماستىن، يېڭىچە مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، چەتئەلنىڭ ئىلغار دەرسلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھېساب، تىل، ئىملا، ئەدەبىيات، ئەرەب، پارس تىلى، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي ھال (تەبىئەت)، ئىلمىي تەجۋىد، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلغان. ھەپتىلىك دەرس پىلانى تۈزۈپ چىقىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلىيىتىنى ئالتە سائەت، ئوقۇغۇچىلارنىڭكىنى بەش سائەت قىلىپ بەلگىلىگەن. نۆۋەتچىلىك تۈزۈمى، مۇدىرلىق تۈزۈمى، ئىمتىھان تۈزۈمى، مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى يۈرگۈزگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنى «ئەلىيۇل ئەلا» (ئەڭ ئەلا)، «ئەۋسات» (ئوتتۇرا)، «ئەدنا» (تۆۋەن) دەرىجىلىرى بىلەن باھالىغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا «تەھسىننامە» (1 - دەرىجىلىك)، «ئاپىرىننامە» (2 - دەرىجىلىك)، «تەقدىرنامە» (3 - دەرىجىلىك)، «شاھادەتنامە» (4 - دەرىجىلىك) دىن ئىبارەت تۆت دەرىجە بويىچە ئىنئام بەرگەن.

كەرىمناخۇن خەلىپىتىم گەرچە ئارانلا ئۈچ يىل مەكتەپ باشقۇرغان بولسىمۇ، لېكىن «ھۆسەينىيە» مەكتىپىنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشى، كىچىكلىكتىن چوڭىيىشى، مەھەللىۋى دائىرىدىن پۈتكۈل شىنجاڭغا يۈزلىنىپ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

كەرىمناخۇن خەلىپىتىمنىڭ بىز بىلەن ۋىدالاشقىنىغا 105 يىلچە بولدى، خەلقىمىز ئۇنىڭ نامىنى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ئىگىسىگە بەرگەن ئەڭ زور ئىلھامى!

## يېقىنقى زامان ئۇيغۇر پەننىي مائارىپىنىڭ تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىسى
## راھىلە موللا ئاچام

راھىلە موللا ئاچام 1860 - يىلى ئېكساق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى مۇھەممەد سۇلتان خەلىپىتىم ئۆلىما كىشى بولۇپ، ئېكساق پەننىي مەكتىپىدە قىزى راھىلە بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. راھىلە كىچىك چاغلىرىدا ئاتىسى مۇھەممەد سۇلتان خەلىپىتىم، ئابدۇل ماناپ داموللام، چوڭ غوجىكام قاتارلىق ئۆلىمالاردىن بىلىم ئالغان. قۇرئان تەپسىر قىلغان. گىرامماتىكا، جۇغراپىيە، ئالگېبرا، تارىخ، تەبىئەت قاتارلىق پەنلەرنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇ كىچىك چاغلىرىدىلا ئەرەب تىلىنى خېلى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، قۇرئاندىن مەنا ئېيتالايدىغان، پارسچىدىن كىتاب تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. راھىلە 25 لەرگە كىرگەندە ئېك-

ساقتا مۇسا بايلارنىڭ پەننىي مەكتىپى ئەمەلىيلىشىپ قالغان چاغلار ئىدى. سوپىزم جاھالىتى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان، خۇراپاتلىق ئەسەبىيلەشكەن شۇ دەۋرلەردە يېڭى مەكتەپ دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى — قىزلارنىڭمۇ ئوغۇللارغا ئوخشاش يېڭى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىشى، ئاياللارنىڭ يېڭى مەكتەپ دەرس مۇنبىرىگە چىقىشى ئىدى. لېكىن بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر: «بايلار مەكتەپ ئاچسا - ئاچسۇن، لېكىن ئوغۇللارنى ئوقۇتسۇن» دەپ، قىزلارنى ئوقۇتۇشقا جان - جەھلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشقان، ھەتتا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى پەش قىلىپ «ئاياللار تەبىقىسىنى مەكتەپكە توپلاپ ئىلىم ئۆگىتىش — بىدئەتچىلىك، گۇناھ» دېيىشكەن. لېكىن ئىلغار پىكىرلىك زات مۇسا باي: «دىنىي شەرىئىتىمىزدە ئاياللار ئوقۇمىسۇن دېگەن بىشارەت بولغان ئەمەس. بەلكى ئىلىم ئۆگىنىش ئوغۇل - قىزلار ئۈچۈن ئوخشاشلا پەرز، دېيىلگەن. سىلەر ئوقۇتمىساڭلار، مەن ئوقۇتىمەن» دەپ، ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىچىدىن ھاجى خېنىم، زەينىسا خېنىم، سەلىمە خېنىم، سارە خېنىم، ئايىم خېنىم، بىبى ھەجەر خېنىم قاتارلىقلارنى ئالدى بىلەن تىزىملىتىپ، مەكتەپكە بەرگەن.

راھىلە خانىممۇ ئىلغار پىكىر ئېقىمى تەرەپدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاشۇ چوكان - قىزلار ئۈچۈن مۇئەللىمە بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. ئەينى چاغدا 25 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى ئوقۇشقا تىزىملاتقان. بۇ، جاھالەتكە قارشى بىر چوڭ جەڭ بولۇپ، سوپىزمنىڭ ئاياللارغا قاراتقان نەچچە يۈز يىللىق دەھشەتلىك ئاسارىتىگە قارىتا زەربە بولغان ۋە ئەينى دەۋر جەمئىيىتىنى زىل - زىلىگە سالغانىدى.

راھىلە موللا ئاچام ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە، ئوقۇتۇشقا كامىل، ئىقتىدارلىق مۇئەللىمە بولۇپلا قالماستىن، ماھىر خەتتات ۋە يازغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى «راھىلەبىبى» بولۇپ دىنىي ئىلىم جەھەتتىمۇ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان. «قۇرئان كەرىم» نى ھۆسن خەت بىلەن تولۇق كۆچۈرۈپ چىققان. «دەلائىلۇل ئۇلۇم» (ئىلىمگە دالالەت قىلغۇچى) ناملىق كىتاب يازغان (بۇ قولىيازما ھازىرمۇ ساقلانماقتا).

ئۇ، ئىكساق پەننىي مەكتىپىدە 1885 - يىلىدىن 1917- يىلىغىچە ئىزچىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1917 - يىلى 57 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئۇيغۇر پەننىي مائارىپىنىڭ سەركەردىسى تۇرسۇن ئەپەندى

تۇرسۇن ئەپەندى ئۇيغۇر پەننىي مائارىپىنىڭ سەركەردىسى، داڭلىق پېداگوك، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ 1886 - يىلى ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1894 - يىلىدىن 1899- يىلىغىچە «ھۇسەينىيە» مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئىقتىدارى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسا بايلار ئۇنى تۈركىيىدىكى ئىستانبول دارىلمۇئەللىمىنىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. 1905 - يىلى ئوقۇشنى تۈگىتىپ، قايتىپ كېلىشكە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، كۆپ-

رەك بىلىم ئىگىلەش تەشنالىقى بىلەن تۈركىيىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بولغان «سۇلتانىيەم» ئالىي مەكتىپىگە ئىلتىماس سۇنۇپ ئوقۇشقا كىرگەن. 1909 - يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ھەمدە ئانا مەكتىپى «ھۈسەيىنىيە» دە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1910 - يىلدىن 1933 - يىللىرىغىچە ئىزچىل تۈردە بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، 1937 - يىللىرىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1937 - يىلى 11 - ئايدا خەلقىمىزنىڭ داڭلىق ئوغلانى تۇرسۇن ئەپەندى خائىنلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، شىڭ شىسەي تۈرمىسىگە تاشلىنىپ، تولىمۇ پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى خەلقنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلانغانىدى.

تۇرسۇن ئەپەندى تۈركىيىدە ئوقۇۋاتقان پۇرسەتلىرىدە، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ بىرلەرگە قارىغاندا غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەپ كەتكىنىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقىنىنى كۆرۈپ تولىمۇ ئېچىنغان. پەقەت مائارىپ يولى بىلەنلا خەلقنى ئويغىتىپ، مىللەتنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. بۇ خىل ھالەت ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئاڭ ۋە كۈچ ئاتا قىلغان. ئۇ، ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئىنگلىز تىلى، تۈرك تىلى، فىرانسۇز تىللىرىنى، خىزمەت جەريانىدا ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. چەت ئەلدىكى ۋاقىتلىرىدا يەنە پېداگوگىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. دەرستىن سىرتقى چاغلاردا مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىغا قاتنىشىپ ئالاھىدە ماھارەت يېتىلدۈرگەن، ئەدەبىيات - سەنئەت كۇرژوكلىرىغا قاتناشقان. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن چەت ئەل پېداگوگىكىسىنى خەلقىمىز مائارىپ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ئۇسۇلى تەربىيە» ناملىق قوللانما (ئەينى چاغدا بۇ قوللانما قەشقەردىكى «مەتبەئى خۇرشىد» نىڭ نەشر قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان) نى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىلارنى ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتە تەربىيىلەشنىڭ ئەھمىيىتى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودى، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر، ئوقۇغۇچىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى قاتارلىق مەزمۇنلار سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈلگەن.

تۇرسۇن ئەپەندى ئۇيغۇر پەننىي مەكتىپى «ھۈسەيىنىيە» نىڭ تەرەققىي قىلىشى، راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تەنتەربىيە ھەرىكىتى ئۈچۈنمۇ بارلىقىنى بېغىشلاپ، پۇتبول تۈرىدە ئالاھىدە داڭ چىقارغان. ئىككى پۇتبول كوماندىسى تەشكىل قىلىپ، مۇسابىقىلەرنى ئويۇشتۇرغان. بۇ كوماندا تۈرلۈك تەرەپلەردىن ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇلغان بولۇپ، 1927- يىلى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كونسۇللىرى تەشكىل قىلغان پۇتبول كوماندىلىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىپ، ئەنگلىيە كوماندىسىنى بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن، شۋېتسىيە كوماندىسىنى نۆلگە قارشى يەتتە نەتىجە بىلەن يېڭىپ، خەلقىمىز ئۈچۈن زور شان - شەرەپ كەلتۈرگەن.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر پەننىي مائارىپىغا، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تەنتەربىيىسىگە قوشقان تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆچمەستۇر.

## 87 يىل مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان قاسىم ھاجىم خەلپىتىم

قاسىم ھاجىم 1861 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە نەزەرباغ يېزىسى كۆنچى مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى 150 ياش، دادىسى ئەلى ھاجىم 135 ياش ئۆمۈر كۆرگەن. قاسىم ھاجىم ئۆزىنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئاشۇ ئائىلىدە ئۆتكۈزگەن.

ئۇ، 1866 - يىلى بەش يېشىدا قەشقەر شەھىرىدىكى خاتىپ ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ مەدرىسىگە كىرىپ، 1880 - يىلىغىچە 14 يىل ئوقۇپ كۆزگەكۆرۈنگەن. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆز مەھەللىسىدىكى بىر مەسچىتتە مەكتەپ ئېچىپ، بەش ياشتىن 10 ياشلارغىچە بولغان بالىلارنى يىغىپ «ھەپتىيەك» (ئېلىپبە) دىن دەرس بەرگەن. قاسىم ھاجىم بۇ جەرياندا، يېرىم كۈن بالا ئوقۇتۇپ، يېرىم كۈن ئۇستازىدىن دەرس ئاڭلاپ، بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بارغان. ئۇ ئاچقان مەدرىستە ئوقۇغان بالىلار بىر يىل ئىچىدىلا خەت يازالايدىغان ۋە ئوقۇيالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن قاسىم ھاجىم كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، ئوقۇغۇچىلارمۇ يىراق - يىراق جايلاردىن كېلىپ ئوقۇيدىغان بولغان.

ئوقۇغۇچىلاردىن ئايلىق، مەۋسۇملۇق، يىللىق ئىمتىھانلارنى ئېلىپ تۇرغانلىقتىن، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئاشقان. 1895 - يىلى قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر زات مويدىنجان باي ئۇنى قوللاپ، مەكتەپتە ئۆي يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «خوجاچوڭنىڭ قۇملىقى» دېگەن يەرنى مەكتەپكە ۋەخپە قىلىپ بەرگەن. بۇ جايغا بەش ئېغىز سىنىپ ۋە بىر چوڭ مەسچىت سالدۇرۇپ، كۆنچى مەھەللىسىدىكى مەكتەپنى مۇشۇ جايغا يۆتكىگەن. يېڭى مەكتەپتە قاسىم ھاجىم دەرسلەرنى، ھەپتىيەك، قۇرئان، تاختىخان دېگەنلەر بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى قىز - ئوغۇل، چوڭ - كىچىك دەپ سىنىپقا ئايرىپ چىققان. مۇئەللىم يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى شاگىرت مۇئەللىملەر ئارقىلىق ھەل قىلغان. مەكتەپتە يەنە ھېساب، تەبىئەت، تەنتەربىيە، ناخشا قاتارلىق دەرسلەرنىمۇ ئۆتكەن. تەبىئەت دەرسىدە نەزەرىيە ئۆگىنىش بىلەن بىللە ئەمەلىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان؛ بوز يەر ئېچىپ تۈرلۈك زىرائەتلەرنى تېرىغان، ئالغان مەھسۇلاتلار ئارقىلىق قېيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بەرگەن. بىنام يەرلەرگە باغ بىنا قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا بۇ مەكتەپتە يەنە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيدىغان كۇرس سىنىپلارمۇ ئېچىلغان. 1935 - يىلغا كەلگەندە ئوقۇغۇچى سانى كۆپىيىپ، 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان بولغان. شاگىرت مۇئەللىملەر سانىمۇ 150 نەپەردىن ئېشىپ كەتكەن. ئومۇمەن 1880 - يىلدىن 1935- يىلغىچە بولغان 55 يىل ئىچىدە 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاسىم ھاجىمنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان.

لېكىن شاگىرتلىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئىناۋىتىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى ئارقىسىدا بىر قىسىم ھەسەتخور، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، «ئىسلامنى سۇسلاشتۇردى» دېگەن بەدنامنى چاپلاپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى چۇشۇرۇپ، بوينىغا تاختا ئېسىپ،

ھېيتگاھنىڭ پەشتىقىدىن تاشلاپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشقان. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مۇيدىنجان باي 1935 - يىلى قاسىم ھاجىمنى مەككە مۇكەررەمگە ھەجگە يولغا سالغان، 1937 - يىلى ئۇ، ھەج تاۋاپ قىلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۇنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە ۋاقىتلىق قولغا ئېلىپ، تۇتۇپ تۇرغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ياۋاغ دارىلئىتام مەكتىپىگە مۇدىر قىلىپ بەلگىلىگەن. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قاسىم ھاجىمنى ئەينى چاغدىكى قەشقەر ساقچى ئىدارىسى باشلىقى ئابدۇقادىر ھاجى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بەرگەن. لېكىن بۇ ئىشتىن قوغاندىكى بىر يۈزبېشى خەۋەر تېپىپ قېلىپ، قاسىم ھاجىمنى يوشۇرۇپ قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. 1940 - يىلى قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۇنى ھەزرەت باشلانغۇچ مەكتىپىگە مۇدىر قىلىپ بەلگىلىگەن. 1943 - يىلى پاختەكلە يېزىسىنىڭ بېگى مەتنىياز ھاجىم ئۇنى پاختەكلە باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. شۇ يىلى ئۇ يەنە، تەكلىپ بويىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە دىن دەرسى ئۆتكەن. 1943 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش بىلەن بىرگە ھەزرەت، نەزەرباغ، سەمەن، توققۇزاق، دۆلەتباغ، ۋاپاتارلىق يېزىلاردا قۇرۇلغان مەكتەپلەردە قوشۇمچە مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1953 - يىلدىن ئېتىبارەن قەشقەر خەلق باغچىسىغا يۆتكىلىپ، باغچىنى ئەھيا قىلىشقا قاتناشقان. 1958 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە قاسىم ھاجىم نەزەرباغ 5 - كەنتتە باغ بىنا قىلىپ، مېۋىلىك كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىشى بىلەن ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن. 1976 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 115 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. دېمەك ئۇ، ئۆز ھاياتىنىڭ 87 يىلىنى ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن، 13 يىلىنى باغۋەنچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان.

## تىلشۇناس، ئالىم ئابدۇكەرىم ھاجى يېڭىسارى

ئابدۇكەرىم ھاجى 1887 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ماڭشىن يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلغان. توققۇز يېشىدىن باشلاپ، ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشىپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ مۇدەررىسلىك قىلغان. 1937 - يىلى ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ، كېيىن ھىندىستاننىڭ «ھەيدەر ئاباد»، «كەلنۇر» دېگەن جايلىرىدا ئاتاقلىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان. ئۇ، بىلىمى مول، ئېتىقادلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ جايدا «مەۋلىۋى» دەرىجىسىگە ئېرىشىپ، «ئابدۇكەرىم ھاجى مەۋلىۋى يېڭىسارى ئالىمى مۇتەپەخخەر» (پەخىرلىك ئالىم، يېڭىسارلىق ئابدۇكەرىم ھاجى مەۋلىۋى) دەپ ئاتالغان. كېيىن يەنە ھىندىستاندىن ئافغانىستانغا كېلىپ، كابۇل ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، 1948 - يىلى 10 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. يېڭىساردا ئۆز ئالدىغا ئالىي دەرىجىلىك مەدرىس ئېچىپ، خەلقىمىزنىڭ دىلىغا مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقان. ئۇ مۇدەررىسلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، پارس تىلىدا «ئىسلام دىنى ئاساسلىرى»

ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان، ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت تۈزگەن. 1949 - يىلدىن كېيىن يېڭىسار ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، بۇ جەرياندا ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى كەڭ ئاممىغا تەشۋىق قىلغان. تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان. ئەينى دەۋردە بۇ ئالىم «دىنىي زاتلارنىڭ پېشۋاسى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان، 1970 - يىلى 83 يېشىدا يېڭىساردا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## شائىر سالىھ دامولاھاجى (نىزامىي)

تىلشۇناس، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى، شائىر سالىھ دامولا ھاجى (نىزامى) 1895 - يىلى ئاتۇشنىڭ «تاختا ئۈن» يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى نىزامىدىن ھاجى شۇ چاغلاردىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن بولۇپ، كۆپرەك دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. سالىھ دامولا 1902 - يىلى ئۆز يېزىسىدىكى بىر مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرىپ، ئۇن يىلغىچە ئوقۇغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى مەدرىسلەردە يەنە 11 يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى، ئەرەب تىلى، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. بۇ جەرياندا ئابدۇقادىر دامولام قاتارلىق مەشھۇر زاتلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسىنى ئالغان. 1923- يىلى ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ، ئۇن نەچچە يىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ھەم بۇ جەرياندا سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھاجى بولغان.

1940 - يىللىرىغا كەلگەندە، بۇ زاتنىڭ ئىدىيىسىدە تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەش بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز مەبلىغىگە تايىنىپ، «تاختا ئۈن» يېزىسىدا بىر يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇپ چىققان ۋە ئۆزى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ياشلارغا يېڭىچە ئىلىمدىن دەرس بەرگەن. بۇ مەكتەپنى ئەينى چاغدىكى ئاتۇش ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى زور كۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن ۋە ئۇيۇشمىدا خىزمەت قىلىۋاتقان پازىل قارى ئىسىملىك بىر زىيالىنى مەزكۇر مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتكەن. شۇ چاغلاردىن باشلاپ بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى ئىزچىل تۈردە كۆپەيگەن.

سالىھ دامولا ئالدى بىلەن بىر دىنىي ئۆلىما، يەنە بىر تەرەپتىن تۆھپىكار مائارىپچى، زامانىسىغا لايىق شائىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەرەب تىلىغا ئائىت «ئەنھا ئۇس سەرپ»، شېئىرى يول بىلەن يېزىلغان «ئەقدۇل مەرجان»، «تەجۋىدۇ تۈركىي»، «مىشكات راۋىلەرنىڭ تەرجىمىھالى» ھەمدە ئەرەب تىلىدا يازغان شېئىرلار توپلىمى «ئەرەبى دىۋان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. شائىرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان شېئىرلار توپلاملىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يوقىلىپ كەتكەن. بۇلاردىن باشقا شائىرنىڭ 1944 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاتۇشقا زور كەلكۈن كەلگەندە يازغان «كەلكۈن» ناملىق ئەسىرى بار. بۇ ئەسەر «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 13 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. سالىھ دامولا ھاجى 1957 - يىلى 63 يېشىدا يۈرەك كېسىلى سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## تۆھپىكار مائارىپچى ئابدۇقادىر سەئىدى

ئابدۇقادىر سەئىدى 1897 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ جانان كوچىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى سەئىد ھاجى تەقۋادار، ئوقۇمۇشلۇق زات ئىدى. سەئىد ھاجىنىڭ ئائىلىسى ئابدۇقادىر داموللام ئائىلىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى. بۇ ھال ئابدۇقادىر سەئىدىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىم - مەرىپەت بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1903 - يىلى سەئىد ھاجى ئالتە ياشلىق ئوغلى ئابدۇقادىرنى ئابدۇقادىر داموللام ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام كىچىك ئابدۇقادىرنىڭ تولىمۇ زېرەك چوڭ بولغانلىقىنى سېزىپ، ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىشنى نىيەت قىلىدۇ. مۇشۇ چاغلاردا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز تەمەددىنمۇ ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. داموللام بۇ ئىككى بالىنى مەخسۇس ئۆزى تەربىيىلەيدۇ. داموللامنىڭ كۈتۈپخانىسىدا تۈرلۈك ئىلىملەرگە ئائىت 500 پارچىدىن ئارتۇق كىتابلار بار ئىدى. ئابدۇقادىر سەئىدى بۇ كىتابلاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ، تەدرىجى يوسۇندا داموللامنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بۇ كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، مۇكەممەل بىلىم ئىگىلەشكە باشلايدۇ. ئابدۇقادىر سەئىدى: «توققۇز يېشىمدا، «شەرھى موللا» نى تۈگەتكەنمەن» دەيدۇ. ئۇ ئابدۇقادىر داموللامدىن تۈرلۈك بىلىملەرنى ئىگىلەشتىن سىرت ناۋايى، فۇزۇلى، شىرازى، ھۆۋەيدا قاتارلىق داڭلىق شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىمۇ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان.

1920 - يىلى ئابدۇقادىر سەئىدى ئوقۇشنى تاماملاپ «سالامەتنىڭ مەدرىسى» گە مۇدەررىس بولىدۇ. ئۇ، تالىپلارغا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە دەرس ئۆتىدۇ، 200 دىن كۆپ تالىپ ئۇنىڭ تەربىيىسىنى ئالىدۇ. 1927 - يىلى ئۇ توقام مەھەللىسىدىكى ئابدۇۋەلى لولىۋاي مەدرىسىگە يۆتكىلىپ كېلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ تۈرلۈك ئىلىملەرنى ھەمدە بىر نەچچە تىلنى بىلگەنلىكى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تېزلا نامدار بولىدۇ.

1933 - يىللاردا تۆمۈر ئېلى، مەھمۇت مۇھىتىلەر قەشقەردىكى مەدرىسلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئابدۇقادىر سەئىدى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلار ئابدۇقادىر سەئىدىنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ، قەشقەردە دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇش نىيىتىگە كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆلىمالارنى يىغىپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە 500 كىشىدىن تەركىب تاپقان چوڭ يىغىن ئېچىپ، دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. 1935 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن رەسمىي قۇرۇلىدۇ، ئابدۇقادىر سەئىدى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

1966 - يىلى ئابدۇقادىر سەئىدى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا ئېغىر كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ ۋە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. 1979 - يىلى 5 - ئايدا 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## مۇدەررىس ۋە پائالىيەتچى ئۆمەر ئابدۇزاھىر داموللام

ئۆمەر ئابدۇزاھىر داموللام 1892 - يىلى ئوپال يېزىسىنىڭ كۆكچى كەنت ياربېشى مەھەللىسىدە ئۇقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، چوڭ دادىسى ئابدۇتاھىر ئاخۇنۇم كۆزگە كۆرۈنگەن مۇدەررىس بولۇپ، 1878 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھەربىي ئەمەلدارى ياڭ توڭ باشچىلىقىدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

دادىسى ئابدۇزاھىر ئاخۇنۇم ھەم ئۆلىما كىشى بولۇپ، بالىسى ئۆمەرنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن، ئۆمەر 1720 - يىللىرىدا قۇرۇلغان ئوپال كۆكچى كۆل بېشى لاي پەشتاق مەدرىسىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسى ئىبراھىم قازى ئاخۇنۇم دېگەن كىشىنىڭ قولىدا ئوقۇغان. كېيىن ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى قەشقەر خانلىق مەدرىسى ۋە بۇخارادىكى كۆكەلداش مەدرىسىدە ئالغان. بۇ جايدا سەككىز يىل ئوقۇپ، 1924 - يىلى ئوپالغا قايتىپ كەلگەن. 1924 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە تىجارەت (تېرە - ئۆچكە تىجارىتى) بىلەن شۇغۇللانغاچ، مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇ، بۇخارادا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بۇ ئىنقىلاب ئۆمەرنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. 1934 - يىلى ئۇ باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىقى - تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، يېڭىچە مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، «ئوپال ئىپتىدائىي ئىلمۇ - ئىرپان مەكتىپى» نى قۇرغان ۋە ئۆزى مۇدىر بولغان. مەزكۇر مەكتەپتە «يۇرت بىلگىسى» (يۇرت نامىلىرى) ئىلمى، ھېساب، ئىملا، تىل، دىن قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. ئۇ، 1934 - يىلى تۇنجى بولۇپ ئوپال بازار مەكتىپىنى سالدۇرغان. 1937 - يىللىرىغىچە قۇمباغ، يۆلجىگدە، دوغلات، كۆكچى، قەدەمجاي، ياغدۇ قاتارلىق جايلاردا مەكتەپ سېلىنغان، بۇ مەكتەپلەرگە ئۆمەر داموللىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان ئوقۇغۇچىلاردىن مۇئەللىملەر تەيىن ئېتىلگەن. 1936 - يىلى ئۆمەر داموللام ئورۇمچىگە ۋەكىل بولۇپ بېرىشنىڭ ئالدى - كەينىدە قەشقەردە چىقىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتىگە،كېيىن خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىگە، 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئورۇمچى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە باشلىق بولغان. 1947 - يىلدىن 1950 - يىللىرىغىچە قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالىي بولغان. 1951 - يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ھەمدە ئورۇمچىدىكى خوجانىياز ھاجىم قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## داڭلىق تېۋىپ ھەپىزخان مەخسۇم

ئەجمىدىن قارى داموللام ئوغلى ھەپىزخان مەخسۇم 1894 - يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ خاكەنت دېگەن يېرىدە داڭلىق تېۋىپ (دوختۇر) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا - بوۋىلىرى شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق تېۋىپلىرى بولۇپ، ئۆز ئوغۇللىرىنى قېتىرقىنىپ تەربىيىلەپ ھۈنەرلىرىنى ئۇلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن. ھەپىزخان مەخسۇم كىچىكىدىن تارتىپلا ئاتىسىنىڭ كەسپىگە ئىشتىياق باغلاپ، ئاتىسىنىڭ كېسەل داۋالىشىغا ياردەملىشىش جەريانىدا

ماھىر تېۋىپ بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ بىر ئۆمۈر مۇشۇ كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەل باغلاپ، تىبابەتچىلىكنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىدە كامالەتكە يەتكەن.

ھەپىزخان مەخسۇم 1933 - يىلى ئاتىسى ۋە بىر تۇغقانلىرى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ بۇ ۋاقىتلاردا 39 ياشلارغا كىرىپ قالغان بولۇپ، تىبابەتچىلىك بىلىمى تازا مۇكەممەللەشكەن ئىدى. مەخسۇم قەشقەرگە كەلگەندىن تارتىپلا تىبابەتچىلىك كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىغان. ئۇ كېسەل داۋالاشتا مۇلايىم ۋە كۆيۈمچان پوزىتسىيە تۇتۇشتىن سىرت، دورىلارنى كېسەللەرگە ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىپ، تېز ئارىدىلا خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان. 1955 - يىلى ھەپىزخان مەخسۇم قەشقەردىكى باشقا تېۋىپلارنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلققە ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، كىچىك تىپتىكى بىر داۋالاش پونكىتى قۇرۇش تەشەببۇسىنى قىزغىن قوللاپ، ئۆزى شەخسىي دورىخانا قىلغان بىر يۈرۈش ئۆيىنى دورا - دەرمەك ۋە باشقا ئۈسكۈنە جاھازلار بىلەن بىرگە دوختۇرخانا قىلىشقا بەرگەن ھەمدە ھازىرقى «قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى»نى قۇرۇپ چىقىشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئوغلى بىلەن ئىككىسى ئۇنىڭغا ئەزا بولغان. ئۇ، دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن باش دوختۇرلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

شۇ دەۋردە ئۇنىڭ كېسەللەرگە بولغان ئىللىق مۇئامىلىسى ۋە شىپالىق دورىسى يالغۇز قەشقەردىلا ئەمەس، يىراق ناھىيە، ۋىلايەتلەردىمۇ مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ قولىدا داۋالانغانلاردىن ئۇنى ماختىمايدىغىنى ۋە ئۇنى ئەسلىمەيدىغىنى يوق.

ھەپىزخان مەخسۇم پەقەت داۋالاش خىزمىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تىبابەتچىلىكنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى توپلاپ چىقىشقىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. ئۇ «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار» ۋە «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار قوللانمىسى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ چىقىشقا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان ھەمدە بىر مۇنچىلىغان ئاددىي ۋە ئۈنۈملۈك بولغان دورا ئۇسخىلىرىنى شىپاخانىنىڭ ياساپ ئىشلىتىشىگە تەقدىم قىلغان.

ھەپىزخان مەخسۇم يەنە ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلى ۋە بىرمۇنچە ياشلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ، خەلق ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا، يەرلىك دورىلار بىلەن سىرتتىن كىرىدىغان دورىلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتىپ، ھەر بىر جاينىڭ يەر شارائىتى، ھاۋا كىلىماتى ۋە كېسەلنىڭ كەسپى ۋە تۇرمۇش ئادىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىپ، ئاندىن شۇنىڭغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بارغان. شۇڭا كۆپلىگەن كېسەللەر ئۇنىڭ قولىدا شىپالىق تېپىپ، خەلق ئارىسىدا زور ئابرويغا ئىگە بولغان.

ھەپىزخان مەخسۇم 1969 - يىلى 4 - ئايدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ سول لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئورغۇن ئازار يەپ، 76 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مۆتىۋەر زىيالىي ئابلىراخۇن داموللام

ئابلىراخۇن داموللام 1903- يىلى بەشكېرەمدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى موللا ئىيساخەلىپىتىم مەھەللە ئىمامى ئىدى. ئابلىراخۇن داموللام باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئاتىسىدىن ئالغان، كېيىن ئاتۇش مەشھەتتىكى «سۇلتانىم» مەدرىسىدە ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان. 18 يېشىدا خانلىق مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، مەھكىمە شەرئىنىڭ باھالىشى ۋە بېكىتىشى بىلەن «ساقىيە» مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلەنگەن.

ئابلىراخۇن داموللام «ساقىيە» مەدرىسىدە 1921 - يىلىدىن 1936-يىلىغىچە 15 يىل مۇدەررىسلىك قىلغان. 1939 - يىلى باندىت شىڭشىسەينىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، مەخپىي ھالدا شىمالىي شىنجاڭغا كېتىش يولىدا سۇيدۇڭ دېگەن يەردە تۇتۇلۇپ قېلىپ تۈرمىگە تاشلانغان. ئابلىراخۇن داموللام ئۆمۈر بويى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان.

1934 -، 1935 - يىللاردىن كېيىن ئابلىراخۇن داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بەشكېرەم يېزىسىنىڭ پۈتكۈل كەنتلىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئومۇملاشتۇرۇلغان، بۇ جەھەتلەردە داموللامنىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە كەۋدىلىكتۇر.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئابلىراخۇن باشلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە زىيالىيلار بىرلىكتە ياپونغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئابلىراخۇن داموللام 1939- يىلى تۈرمىگە تاشلىنىشتىن ئىلگىرى بەشكېرەم شۆبە ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن 1958 - يىلىغىچە يەنە «ساقىيە» مەدرىسىنىڭ مۇددەررىسى بولغان. ئۇ دىنىي ئىلىم جەھەتتە مۇدەررىس، پەننىي بىلىم جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىلىك زىيالىي ئىدى. پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ۋە جەمئىيەتتە ئالاھىدە شۆھرەتكە ئىگە ئالىم ۋە شائىرلاردىن بايلىق ئارمىيا ئەلى داموللام (نېمشىھىد)، قاغىلىقتىن ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم، پەيزاۋاتتىن ئابدۇقادىر داموللام، تورپاندىن شاھى مەردان ھاجىم، ئوردىن قارى ھاجىم، نەسىردىن داموللام، خوتەندىن ئابدۇقادىر داموللا ھاجىم، بەشكېرەمدىن ياقۇپ داموللا ھاجىم قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن.

ئابلىراخۇن داموللام 1958 - يىلى 55 يېشىدا بەشكېرەمدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئالىم ۋە تارىخچى مۇھەممەت ھاجىم مەۋلىۋى داموللام

مۇھەممەت ھاجىم مەۋلىۋى داموللام 1906- يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزا قاقۇللا كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1914-يىلىدىن

1929- يىلىغىچە قەشقەر، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئالغان، خوتەندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە تەجەللى، ئابدۇباقى داموللام قاتارلىق ئالىملارنىڭ سۆھبەتلىرىگە داخىل بولغان.

مۇھەممەت هاجىم ئىلىمگە كۆپ تەشنا كىشى بولۇپ، ئۆز يۇرتىدا بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، 1929- يىلى كارۋانلارغا قوشۇلۇپ، پىيادە يول يۈرۈپ، تىببەت ئارقىلىق هىندىستانغا بارغان ۋە مەشهۇر بىلىم يۇرتى «دىئمرادىل ئۇلۇم» دا ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى، فىقهە (هەدىس مەسىلىلىرى)، تىل-ئەدەبىيات، ئىلمى تەۋهىد، ئىلمى هېكمەت، جۇغراپىيە، تارىخ، فىزىكا، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە) قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرنى ئوقىغان. مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، 1936- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا هەج قىلىش ئۈچۈن بېرىپ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان. 1939- يىلى ئافغانىستانغا بېرىپ، «جامئۇل ئۇلۇم» ناملىق بىلىم يۇرتىدا مۇدەررىسلىك قىلغان.

ئۇ بىلىم ئېلىش تەشنالىقى بىلەن ئەرەب، پارس، ئوردۇ، هىندى تىللىرىدىن باشقا ئىنگلىز تىلىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن.

مۇهەممەت هاجىم چەتئەلدىكى مەزگىللىرىدە «زۇرزۇرە رىسالەت» (دۇنياغا پەيغەمبەر كېلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى) ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب ئوردۇ تىلىدا نەشر قىلىنىپ، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە شۆهرەتكە سازاۋەر بولغان.

1947- يىلى ئافغانىستاندىكى جۇڭگو كونسۇلى ئارقىلىق، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تارقاتقان «جۇڭگو پۇقراسى» گۇۋاهنامىسىنى ئېلىپ، تاشقورغان ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ يۇرتىغا كېلىپلا ئۆز پۇلىغا مەكتەپ ئېچىپ شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن.

ئۇ، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلغاندىن كېيىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ناملىق كىتابىنى پۈتتۈرۈپ، كونىشەهەر ناهىيىلىك سىياسىي كېڭەشكە تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. ئالىم ئاشۇ يىللاردا كونىشەهەر ناهىيىلىك بىرلىكسەپنىڭ ئەزاسى، ناهىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى هەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كونىشەهەر ناهىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1986- يىلى 3- ئاينىڭ 9- كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

# سىفەن مائارىپى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا

ئىلھامجان پەخرىدىن

**ئاساسىي مەزمۇنى:** سىفەن مائارىپى مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان كەسپىي مائارىپ. ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، شۇنداقلا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەرەققىي قىلغان. ياۋروپادا XVII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، جۇڭگودا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، شىنجاڭدا XX ئەسىرنىڭ بېشىدا مەيدانغا كەلگەن. ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن، سىفەن مائارىپى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. سىفەن مائارىپى ئىشلەپچىقىرىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ تېز ئىلگىرىلىشىدىكى زۆرۈر شەرت، شۇنداقلا مائارىپنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ھالقا. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك.

## I

مائارىپ تۈزۈمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەپ - ئۆستۈرۈشتىكى مائارىپ سىستېمىسى سىفەن مائارىپ سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە، ئالىي دەرىجىلىك سىفەن مائارىپى (بۇنىڭغا پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى، مائارىپ ئىنستىتۇتى، مائارىپ مەمۇرىي ئىنستىتۇتى، سىرتتىن ئوقۇش پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەر كىرىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەربىيەلەش ئوبيېكتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى شۇ قاراردا پۈتتۈرگەنلەر ۋە شۇ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار ھەمدە خىزمەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى) نى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىفەن مائارىپى (بۇنىڭغا دارىلمۇئەللىمىن، بالىلار دارىلمۇئەللىمىنى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش كۇرسى قاتارلىق مەكتەپلەر كىرىدىغان بولۇپ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ تەربىيەلەش ئوبيېكتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، بالىلار باغچىلىرى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچىلىرى) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سىفەن مائارىپىنى — يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئورگانلىرى ۋە خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈش ئورگانلىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

دېمەك، سىفەن مائارىپى دېگىنىمىز — ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ بې-

رىدىغان مەخسۇس كەسپىي مائارىپ بولۇپ، ئۇ، ھەم مەكتەپلەر مائارىپى تۈزۈمىنىڭ
تەركىبىي قىسمى، ھەم مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتىدىكى مەخسۇس ساھە.

مەلۇمكى، مائارىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا
ئاشۇرۇشتىكى ئاساس. سىفەن مائارىپى بولسا، ئاساسنىڭ ئاساسى. چۈنكى، ھەر
دەرىجىلىك مەكتەپلەر مائارىپىنى ياخشى باشقۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ لاياقەتلىك ئىخ-
تىساس ئىگىلىرى ۋە ئىشەنچلىك ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىكى ئاچ-
قۇچ — ئوقۇتقۇچىلاردا. ۋاھالەنكى، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر ئۈ-
چۈن لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ - يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان مەخسۇس ئاسا-
سىي بازا سىفەن مائارىپىدۇر. سىفەن مائارىپى ھەقىقەتەن سانائەت ساھەسىدىكى
«ئىېغىر سانائەت»، ماشىنا - مېخانىزملار ئىچىدىكى «ئانا ماشىنا». سىفەن مائارىپىنىڭ
ستراتېگىيىلىك ئورنى، رولى ھەمدە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇپ، ئۇنى تېخىمۇ
ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۈستىدە كۆپرەك بىلىمگە ئىگە
بولۇش، ئىزدىنىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

I

سىفەن مائارىپى زادى قاچاندىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن؟ سىفەن مائارىپىنىڭ
مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە
يۈكسىلىشى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. مائارىپتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي
ھادىسە ۋە ئىنسانلارغا خاس پائالىيەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا مەي-
دانغا كەلگەن، لېكىن، ئوقۇتقۇچىلىق—كەسپى مائارىپ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن سە-
ۋىيىگە يەتكەندە، ئاندىن بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە مەكتەپلەرنىڭ مەي-
دانغا كېلىشى ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ مۇستەقىل بىر كەسىپ بولۇپ شەكىللىنىشىگە زېمىن ھا-
زىرلاپ بەرگەن. شۇنداق بولغان بولسىمۇ، قەدىمكى جەمئىيەت مەكتەپلىرىدە مۇدەررىس-
لىك (مۇئەللىملىك) رولىنى ئۆتىگۈچىلەر — جامائەت ئىچىدە بىر قەدەر ئابرويى - ئىنتا-
ۋەتكە ئىگە مۆتىۋەرلەر، يەرلىك (كىچىك) مەنسەپدارلار، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بولغان.
ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەكتەپلەر دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ۋە ئىگە-
دارچىلىقىدا بولغانلىقتىن، پوپلار ئەلۋەتتە مۇدەررىسلەردىن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا مائا-
رىپنىڭ سەۋىيىسى تېخى ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلىقتىن، مۇدەررىسلەرگە مەخسۇس كەس-
پىي تەربىيىلىنىش تەلىپىمۇ قويۇلمايتتى ھەمدە ئۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيەت يوق ئىدى. كا-
پىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئىجتىمائىيلاشقان يې-
رىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن مائارىپنىڭ دائىرىسى كې-
ڭەيدى، مائارىپ مەزمۇنى كۆپەيدى. بۇ خىل ھالەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سان جەھەتتىن
كۆپىيىشىنىلا تەلەپ قىلىپ قالماستىن بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىي-
يەت سەۋىيىسىگە ۋە بەلگىلىك مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە
بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان
مەخسۇس سىفەن مائارىپى ئورگانلىرى (مەكتەپلىرى) قۇرۇلدى. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى

تەتقىق قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ بىر قانۇنىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇش بارغانسىرى چوڭقۇرلىشىپ باردى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سىفەن مائارىپى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، يەنى، سانائەت جەمئىيىتىنىڭ* مەھسۇلىدۇر.

ناھايىتى ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن قۇللۇق ۋە فېئوداللىق جەمئىيىتىدە مەكتەپلەر مائارىپى تار دائىرە بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان مەخسۇس ئورگان تېخى بارلىققا كەلمىگەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر ۋە سانائەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاددىي ئىپتىدائىي قوراللار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان؛ ئات، كالا قاتارلىق ھايۋانلار تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىنغان، بۇ خىل ئاددىي، ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، تېخى سىستېمىلىق ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلمىغان. ئىككىنچىدىن، ئۇ چاغلاردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى كىچىك كۆلەملىك يەككە ئىشلەپچىقىرىش ئىدى. شەھەر سانائىتىمۇ قالاق تېخنىكا قول ئەمگىكىنى ئاساس قىلغان يەككە قول سانائەت ۋە ئۆشخانا قول سانائىتى باسقۇچىدا ئىدى. ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ناھايىتى كىچىك، سايمان - ئۈسكۈنىلىرى تولىمۇ ئاددىي ئىدى. ئۈچىنچىدىن، بۇ مەزگىلدىكى يېزا ئىگىلىكى بىلەن قول سانائەت ھەر قايسى ئائىلىلەردە بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى (تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلۈشى) ئائىلىلەردە ئورۇنلىناتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى يېزا ئىگىلىك ۋە قول سانائەت ئەمگەك كۈچلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بۇنداق جەريانى ۋە شەكلى شۇ چاغلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى مەكتەپلەرنى ئېچىش ئارقىلىق زور كۆلەمدە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغانىدى. شۇنداقلا سىفەن مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ ئادەتتىكى مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش تەلىپىنىمۇ قويمىغانىدى.

كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ مەيدانغا كېلىشى سىفەن مائارىپىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. كاپىتالىستىك يىرىك سانائەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى-ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرغۇچىلار، تېخنىك خادىملار ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشچىلىرىغا مەكتەپ تەلىم - تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش، مەكتەپلەر تەلىم - تەربىيىسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئوقۇتقۇچىلارنى تېزلىك بىلەن كۆپەيتىشتىن ئى-

*ئالىملار، ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىنى نەچچە يۈز مىڭ يىل، يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى دەۋرىنى بەش مىڭ يىل، سانائەت جەمئىيىتى دەۋرىنى ئۈچ يۈز يىل دەپ، ھازىرقى دەۋرنى ئۇچۇر جەمئىيىتى دەۋرى دەپ ھېسابلىماقتا.

بارەت بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭ بىلەن سېفەن ماتارىپى سىياسىي ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى ھەمدە سىياسىي ۋە ئىقتىساد ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەريانىدا تەدرىجىي ھالدا سېفەن ماتارىپى سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەندى.

ياۋروپادا سېفەن ماتارىپى XV ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى داۋامىدا بىخلىنىپ، XVI ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدىن تارتىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس ئورگانلار ئالدى بىلەن فرانسىيەدە رەسمىي مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ گېرمانىيەدە (1694- يىلى)، ئەنگلىيەدە (1840- يىلى)، ئامېرىكىدا (1823 - يىلى)، ياپونىيەدە (1872 - يىلى) ئايرىم - ئايرىم ھالدا خۇسۇسىي ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى سېفەن مەكتەپلىرى ئىلگىرى - كېيىن قۇرۇلدى. 1747 - يىلى گېرمانىيەدە خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىنستىتۇتى ۋە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى مەيدانغا كەلدى. ئەمما دۇنيا بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تۇنجى ئالىي سېفەن مەكتىپى 1810 - يىلى پارىژدا قۇرۇلدى. دۇنيادىكى باشقا ھەر قايسى دۆلەتلەردە سېفەن ماتارىپى XIX ئەسىردىن كېيىن ئاندىن بىر قەدەر تەرەققىي قىلىشقا ۋە ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

III

ئېلىمىزنىڭ سېفەن ماتارىپى 100 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى، يەنى ئۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئېلىپ بېرىلغان يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەنىدى. 1896 - يىلى لياڭ چىچاۋ «قانۇن ئۆزگەرتىشنىڭ ئومۇمىي مەنىسى» دېگەن ئەسىرىدە سېفەن ماتارىپى توغرىسىدا مەخسۇس بايان بېرىپ، سېفەن ماتارىپىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. فېئوداللىق ئىمتىھان تۈزۈمى — «كېجۇنى* بىكار قىلىپ، مەكتەپ ئېچىش» تەشەببۇسلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1897 - يىلى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شاڭخەي جەنۇبىي دېڭىز مەكتىپى ئىچىدە بىر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش يۇرتى قۇرۇلدى. بۇ ئېلىمىز بويىچە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئۇنىۋېرسال ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئورگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1898 - يىلى پايتەخت دارىلفۇنۇنىنىڭ دارىلمۇئەللىمىن بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1902 - يىلى «خوزۇرىدا بەلگىلەنگەن مەكتەپلەر نىزامنامىسى» غا ئاساسەن، پايتەخت دارىلفۇنۇنىنىڭ دارىلمۇئەللىمىن تارمىقى (بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەسلەپكى كەۋدىسى) قۇرۇلۇپ، ئېلىمىز ئالىي سېفەن ماتارىپىنىڭ تۇنجى قەدىمى بېسىلدى. شۇ يىلى كارخانىچى جاڭجيەن تۇڭجۇ دارىلمۇئەللىمىننى قۇردى. بۇ ئېلىمىز بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن مۇستەقىل قۇرۇلغان تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1903 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى رەسمىي ئېلان قىلغان «خوزۇرىدا بەلگىلەنگەن مەكتەپلەر نىزامنامىسى» دا سېفەن ماتارىپىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋە باشلانغۇچ دەرىجىلىك دەپ

* كېجۇ — سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىغىچە يولغا قويۇلغان جۇڭگونىڭ فېئودالىق ئىمتىھان تۈزۈمى.

ئىككى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم يېتىشتۈرۈش بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلمىزنىڭ سىفەن مائارىپى سىستېمىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

1906 - يىلى تيەنجىن شىمالىي دېڭىز خوتۇن - قىزلار دارىلمۇئەللىمىنى قۇرۇلۇپ، جۇڭگو مائارىپ تارىخىدا خوتۇن - قىزلارمۇ سىفەن مائارىپىدىن بەھرىمەن بولۇپ، دەرس مۇنبىرىگە چىقىشتەك يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىنلەر دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئالىي سىفەن مەكتەپلىرىگە، باشلانغۇچ دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىنلەر ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى دارىلمۇئەللىمىنلەرگە ئۆزگەرتىلدى. 1922 - يىلىدىكى ئوقۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا دارىلمۇئەللىمىنلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى بەش يىللىقتىن ئالتە يىللىققا ئۆزگەرتىلدى.

1928 - يىلى دارىلمۇئەللىمىنلەر ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە قوشۇۋېتىلىپ باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىنلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى. 30 - يىللاردا «دارىلمۇئەللىمىن قانۇنى» ۋە «دارىلمۇئەللىمىن نىزامى» قايتىدىن تۈزۈلۈپ، دارىلمۇئەللىمىنلەرنى مۇستەقىل باشقۇرۇش پرىنسىپى بەلگىلەندى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا سىفەن مائارىپى نابۇت قىلىندى، ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپچىلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئىلمىزنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئاتاقلىق پېداگوگىكى تاۋشىڭجى ئەپەندى يېزىلار ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ئاچقان شاۋجۇاڭ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تاقىۋېتىلىشى ۋە ئۆزىنىڭمۇ تۇتقۇن قىلىنىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي بازىلاردا كەينى - كەينىدىن بولۇۋاتقان ئۇرۇش جىددىيلىكى ۋە شارائىتنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىغا قارىماي، سىفەن مائارىپى ۋە پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرى پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى. 1932 - يىلى جياڭشى ئازاد رايونىدا «مىنروي دارىلمۇئەللىمىن» ۋە «لېنىن دارىلمۇئەللىمىن» ى قۇرۇلدى. قىزىل ئارمىيە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، 1937 - يىلى شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىدا «لۇشۈن دارىلمۇئەللىمىن»ى ، 1941 - يىلى يەنئەن ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردا بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كۆپلىگەن دارىلمۇئەللىمىنلەر قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەر ئەينى ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاساسىي بازىلار ۋە ئازاد رايونلار ئۈچۈن زور مىقداردا ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىسى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

## IV

شىنجاڭدا سىفەن مائارىپى يېڭىچە مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ بەرپا بولۇشىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن. XIX ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ سودا-تى-

جارەت، كارخانا سانائەتى ئىشلىرىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. يەنى، تىجارەت تۈرلىرى كۆپەيدى، تىجارەت دائىرىسى كېڭەيدى. چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى بىر قەدەر تېزلىشىپ باردى. چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە سودا - تىجارەت ئىشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭىلىقلارغا ئەگىشىپ، يەرلىك قول سانائەت كارخانىلىرىدىن ھالقىغان بەزى سانائەت كارخانىلىرىمۇ قۇرۇلۇشقا باشلىدى. مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكا ئىشلىرىدىمۇ مۇناسىپ ئىلگىرىلەشلەر بولدى. تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ئاساسىدا بولۇۋاتقان بۇنداق ئۆزگىرىشلەر شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا يېڭى تەلەپلەرنى قويدى. XIX ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا كەلگەندە، ئوقۇش تۈزۈمى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇشنىڭ تەشكىلىي شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردىن تامامەن يېڭىچە بولغان مەكتەپلەر تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بىرلا ۋاقىتتا مەيدانغا كېلىپ، خېلى زامانلاردىن بۇيان شىنجاڭدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى دىنىي مەكتەپلەر مائارىپىغا بۆسۈپ كىردى. گەرچە، بۇ يېڭىچە مەكتەپلەر دائىرە جەھەتتىن تار، كۆلىمى جەھەتتىن كىچىك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى. دەل مۇشۇ چاغلاردا، يېڭىچە مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان ۋە ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولۇش تەقەززاسى تۇغۇلدى. يېڭىچە مەكتەپلەر مائارىپىغا سان ۋە ساپا جەھەتتە كېرەكلىك ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىشى ۋە كۈچىيىشى زۆرۈرىيىتى بىلەن 1907 - يىلى يېڭىچە مەكتەپ — «ھۈسەينىيە مەكتىپى»① ئىچىدە «ھەببىزادە دارىلمۇئەللىمىن» دېگەن ۋېۋىسكا ئېسىلغان بىر باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىن دۇنياغا كەلدى. بۇ شىنجاڭدا مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئورگان — تۇنچى دارىلمۇئەللىمىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەكتەپ تۇنجى قاراز يېتىشتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلىرى ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېڭىچە مەكتەپلەر مائارىپى تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇ مەكتەپ شىنجاڭنىڭ سىفەن مائارىپىنىڭ ھۇل تېشى بولۇشقا مۇناسىپ.

XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا يېڭىچە مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ ئەۋجگە چىقىشىغا ئەگىشىپ، جاي - جايلاردا كەينىدىن دارىلمۇئەللىمىنلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1934 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، شۇ يىلى يەنە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق پېداگوگىكى، مەرىپەتپەرۋەر شائىر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئاتۇش «ئوكتەبىرنىق دارىلمۇئەللىمىن» (قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر كۇرسى) قۇرۇلدى. 1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ قەشقەر شەھىرىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى ئېچىلى-

① «ھۈسەينىيە مەكتىپى» — 1885 - يىلى قەشقەر، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىكساق كەنتى (شۇ چاغدا كونىشەھەرگە تەۋە ئىدى، 1940 - يىلىدىن تارتىپ ئاتۇش تەۋەلىكىدە بولدى) دە مۇسابايلار (ھۈسەين باي، باھاۋۇدۇن بايلار (ئاكا — ئۇكا) تەرىپىدىن ئېچىلغان مەكتەپ، بۇ خېلى مەكتەپنى ئۇلار ئىلمدىنىۋ ئاچقان.

دى ۋە 1935 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن رەسمى قۇرۇلدى. 1935 - يىلى
يەنە ئۈرۈمچىدە روس قانۇن - سىياسىي مەخسۇس مەكتىپى ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭ دا-
رىلفۇنۇنى (شىنجاڭ ئىنستىتۇتى) ۋە ئىلىدا ئىلى دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلدى. ئارقى-
دىن خوتەن، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىمۇ بىر - بىرىگە ئۇلى-
نىپ تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىنلەر ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش
كۇرسلىرى ئېچىلدى. ئۇندىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇ-
غۇچى چىقىرىش يولى ئارقىلىقمۇ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. گەرچە ئەنە شۇنداق ئۆز-
گىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا ئۇتتۇل-
غۇسىز ئېچىنىشلىق چوڭ يوقىتىش ۋەقەلىرىمۇ يۈز بەردى. يەنى، چوڭ سىياسىي ئالدام-
چى، ئىككى يۈزلىمچى شىڭ‌سەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەمەلىيەتتە، شىن-
جاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتى جۈملىدىن سىفەن مائارىپى تەرەققىياتىغا ئېغىر
دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلدى ۋە توسقۇنلۇق قىلدى. شۇ مەزگىلدە ئاز بولمىغان ئىلغار
ئوقۇتقۇچى، ئىلغار زىيالىي ۋە باشقا ساھەدىكى ئىلغار زاتلارنىڭ يوق بىر باھانە-سە-
ۋەبلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى بۇنىڭ پولاتتەك
دەلىلىدۇر.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مائارىپ ئىشلىرى توغرا ئىز-
شانىغا قاراپ يۈزلەندى. 1946 - يىلى سابىق ئىلى مىللىي ئوتتۇرا مەكتىپى ئاساسىدا ئى-
لى ئەخمەتجان ئالى تېخنىكومى (بۇ بىر ئۇنىۋېرسال مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى يې-
تىشتۈرۈش كەسپىمۇ بار ئىدى ) قۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابى ئۈچۈن تۈرلۈك ھەر مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملار، كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار-
نى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ كېيىنكى مائارىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتى
ئۈچۈن خېلى زور ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

قىسقىسى، شىنجاڭدا سىفەن مائارىپى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 1 - ئون يىلى ئىچىدە مەي-
دانغا كېلىپ، 30 - يىللىرىدىن تارتىپ ئاندىن تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

V

خەلقئارا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، ھازىر سىفەن مائا-
رىپىغا ئەھمىيەت بېرىش كۈچەيمەكتە. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ مۇشۇ ئە-
سىرنىڭ 60- يىللىرىدىن بۇيان پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلق-
ئارا رىقابەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىلىۋات-
قان مائارىپ ئىسلاھاتلىرىدا ئوقۇتۇش مەزمۇنى بىلەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى
ئىشقا ئاشۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش — تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى
ئوڭۇشلۇق ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارالماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىفەن
مائارىپىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە سىفەن مائارىپىنى تەتقىق قىلىش — بۈگۈنكى دەۋر
مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتىدىكى خەلقئارالىق مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئېلىمىزنىڭ سىفەن مائارىپ تارىخى نىسبەتەن قىسقا، سىفەن مائارىپى تەتقىقات

قەدىمىسۇ بىر قەدەر كېيىنرەك. گەرچە، كونا جۇڭگودا سىفەن مائارىپى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، مەكتەپلەر مۇكەممەل ئەمەس ئىدى. بەزى مەكتەپلەردە «سىفەن مائارىپى» دەرسلىرى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق، ئوقۇتۇشتۇرۇلغىنى ئاساسلىقى، چەت ئەللەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئىبارەت بولغانىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ سىفەن مائارىپى خەلق مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئەمما، تەرەققىيات مۇساپىسى ئەگرى-توقاي بولدى. بۇنى مۇنداق باسقۇچلارغا بۆلۈپ چۈشىنىشكە بولىدۇ:

ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش باسقۇچى (1949-يىلىدىن 1956-يىلغىچە)؛ ئىلگىرىلەش جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا داۋاملىق ئىلگىرىلەش باسقۇچى (1957-يىلدىن 1965-يىلغىچە)؛ مالىمانچىلىق يىللىرىدىكى ئۆزگىچىلىك باسقۇچى (1966-يىلدىن 1975-يىلغىچە)؛ قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش باسقۇچى (1976-يىلدىن كېيىن).

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مائارىپنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاساس بولۇش رولىنىڭ تەكىتلىنىشى بىلەن سىفەن مائارىپى قايتىدىن راۋاجلاندى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1990-يىلى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 14 مىليون 321 مىڭ 400 گە يېتىپ، ئۆتكەن يىللاردىكىدىن 282 مىڭ 600 نەپەر كۆپىيىپ 2% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار 10 مىليون 768 مىڭ 200 نەپەرگە يېتىپ، ئۆتكەن يىللاردىكىدىن 118 مىڭ نەپەر كۆپىيىپ، بىر پىرسەنت ئاشقان. 1990-يىلى مەملىكەت بويىچە ئادەتتىكى ئالىي سىفەن مەكتەپلىرى 257 گە، سىفەن خاراكتېرىدىكى كەسپىلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار 182 مىڭ 500 نەپەرگە يېتىپ، پۈتۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىفەن مەكتەپلىرى 1026 بولۇپ، ئۇنىڭغا 227 مىڭ 300 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان، بۇ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 31 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، 424 مىڭ 600 نەپەر يېڭى ئوقۇتقۇچى ئادەتتىكى ئالىي سىفەن مەكتەپلىرى ۋە ئوتتۇرا سىفەن مەكتەپلىرىدە تەربىيىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1990-يىلى يەنە مەملىكەت بويىچە مائارىپ ئىنستىتۇتلىرى 265 كە، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى 2018 گە يېتىپ، 780 مىڭ خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچى خىزمەتتىن ئايرىلىپ ياكى ئىشتىن سىرت ۋە ياكى سىرتتىن ئوقۇپ، مەلۇماتىنى ئاشۇرغان ۋە بىلىمىنى سىستېمىلاشتۇرغان.

شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتساق، ھازىر ئالىي مەكتەپلەر 22 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي سىفەن مەكتەپلىرىدىن ئالتىسى بار. يەنە ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەرلەردە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ئورگانلىرى (مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇ-

دى ۋە 1935 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن رەسمىي قۇرۇلدى. 1935 - يىلى يەنە ئۈرۈمچىدە رۇس قانۇن - سىياسىي مەخسۇس مەكتىپى ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى (شىنجاڭ ئىنستىتۇتى) ۋە ئىلىدا ئىلى دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلدى. ئارقىدىن خوتەن، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىمۇ بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىنلەر ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرى ئېچىلدى. ئۇندىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش يولى ئارقىلىقمۇ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. گەرچە ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا ئۇنتۇلغۇسىز ئېچىنىشلىق چوڭ يوقىتىش ۋەقەلىرىمۇ يۈز بەردى. يەنى، چوڭ سىياسىي ئالدامچى، ئىككى يۈزلىمىچى شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتى جۇملىدىن سىفەن مائارىپى تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلدى ۋە توسقۇنلۇق قىلدى. شۇ مەزگىلدە ئاز بولمىغان ئىلغار ئوقۇتقۇچى، ئىلغار زىيالىي ۋە باشقا ساھەدىكى ئىلغار زاتلارنىڭ يوق بىر باھانە-سەۋەبلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى بۇنىڭ پولاتتەك دەلىلىدۇر.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مائارىپ ئىشلىرى توغرا نىشانغا قاراپ يۈزلەندى. 1946 - يىلى سابىق ئىلى مىللىي ئوتتۇرا مەكتىپى ئاساسىدا ئىلى ئەخمەتجان ئالىي تېخنىكومى (بۇ بىر ئۇنىۋېرسال مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كەسپىمۇ بار ئىدى ) قۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچۈن تۈرلۈك ھەر مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملار، كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ كېيىنكى مائارىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن خېلى زور ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

قىسقىسى، شىنجاڭدا سىفەن مائارىپى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 1 - ئون يىلى ئىچىدە مەيدانغا كېلىپ، 30 - يىللىرىدىن ئارتىپ ئاندىن تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

V

خەلقئارا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، ھازىر سىفەن مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىش كۈچەيمەكتە. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن بۇيان پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلقئارا رىقابەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مائارىپ ئىسلاھاتلىرىدا ئوقۇتۇش مەزمۇنى بىلەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش — تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى ئوڭۇشلۇق ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارالماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىفەن مائارىپىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە سىفەن مائارىپىنى تەتقىق قىلىش — بۈگۈنكى دەۋر مائارىپ ئىلمى تەتقىقاتىدىكى خەلقئارالىق مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئېلىمىزنىڭ سىفەن مائارىپ تارىخى نىسبەتەن قىسقا، سىفەن مائارىپى تەتقىقات

قەدىمىمۇ بىر قەدەر كېيىنرەك، گەرچە، كونا جۇڭگودا سىفەن مائارىپى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، مەكتەپلەر مۇكەممەل ئەمەس ئىدى. بەزى مەكتەپلەردە «سىفەن مائارىپى» دەرسلىرى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق، تونۇشتۇرۇلغىنى ئاساسلىقى، چەتئەللەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئىبارەت بولغانىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ سىفەن مائارىپى خەلق مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئەمما، تەرەققىيات مۇساپىسى ئەگرى-توقاي بولدى. بۇنى مۇنداق باسقۇچلارغا بۆلۈپ چۈشىنىشكە بولىدۇ:

ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش باسقۇچى (1949-يىلدىن 1956-يىلغىچە)؛ ئىلگىرىلەش جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا داۋاملىق ئىلگىرىلەش باسقۇچى (1957-يىلىدىن 1965-يىلغىچە)؛ مالىمانچىلىق يىللىرىدىكى ئۈزۈكچىلىك باسقۇچى (1966-يىلىدىن 1975-يىلغىچە)؛ قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش باسقۇچى (1976-يىلدىن كېيىن).

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مائارىپنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاساس بولۇش رولىنىڭ تەكىتلىنىشى بىلەن سىفەن مائارىپى قايتىدىن راۋاجلاندى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1990-يىلى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 14 مىليون 321 مىڭ 400 گە يېتىپ، ئۆتكەن يىللاردىكىدىن 282 مىڭ 600 نەپەر كۆپىيىپ 2% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار 10 مىليون 768 مىڭ 200 نەپەرگە يېتىپ، ئۆتكەن يىللاردىكىدىن 118 مىڭ نەپەر كۆپىيىپ، بىر پىرسەنت ئاشقان. 1990-يىلى مەملىكەت بويىچە ئادەتتىكى ئالىي سىفەن مەكتەپلىرى 257 گە، سىفەن خاراكتېرىدىكى كەسپىلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار 182 مىڭ 500 نەپەرگە يېتىپ، پۈتۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىفەن مەكتەپلىرى 1026 بولۇپ، ئۇنىڭغا 227 مىڭ 300 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان، بۇ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 31 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، 424 مىڭ 600 نەپەر يېڭى ئوقۇتقۇچى ئادەتتىكى ئالىي سىفەن مەكتەپلىرى ۋە ئوتتۇرا سىفەن مەكتەپلىرىدە تەربىيىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1990-يىلى يەنە مەملىكەت بويىچە مائارىپ ئىنستىتۇتلىرى 265 كە، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى 2018 گە يېتىپ، 780 مىڭ خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچى خىزمەتتىن ئايرىلىپ ياكى ئىشتىن سىرت ۋە ياكى سىرتتىن ئوقۇپ، مەلۇماتىنى ئاشۇرغان ۋە بىلىمىنى سىستېمىلاشتۇرغان.

شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتساق، ھازىر ئالىي مەكتەپلەر 22 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي سىفەن مەكتەپلىرىدىن ئالتىسى بار. يەنە ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەرلەردە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ئورگانلىرى (مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇ-

رۇش مەكتىپى، ئوقۇتقۇچىلار سىرتتىن ئوقۇش مەكتەپلىرى، رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرى) بار بولدى.

يېقىنقى ئېيتقاندا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 42 يىل ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ ئالىي سىفەن مەكتەپلىرى ۋە ئالىي سىفەن مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سانى تېز ئېشىپ باردى، ئوتتۇرا سىفەن مەكتەپلىرىدىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. ھەر دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئورگانلىرىمۇ مۇكەممەللىشىپ باردى. ئاز سانلىق مىللەت سىفەن مەكتەپلىرىدىمۇ سان، سۈپەت ۋە قۇرۇلما جەھەتلەردە يېڭى يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇ، ئېلىمىزدە بىر قەدەر ساغلام بولغان سىفەن مائارىپى سىستېمىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك سىفەن مائارىپىنىڭ تېز راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر.

## VI

ھازىرقى سىفەن مائارىپى سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئەگەر يېتەرلىك دەرىجىدىكى تەربىيىلىنىش ساپاسىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولمايدىكەن، راۋاجلانغان مائارىپ ئىشلىرى بولمايدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ۋە يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە جەمئىيەتنى قۇرۇش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.

مەكتەپلەر مائارىپى سىستېمىسىنىڭ ئۆزىدىن قارىغاندا، سىفەن مائارىپى پۈتكۈل مەكتەپلەر مائارىپى سىستېمىسىدىكى ياخشى (سۈپەتلىك) ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە سۈپەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ مۇھىم ھالقا. ھالبۇكى، سىفەن مائارىپىنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپىسى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىش. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى پۈتكۈل مائارىپنىڭ سۈپىتىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «مەكتەپنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى ۋە يۆنىلىشى يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ياخشى ئارزۇسى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ، ئوقۇغۇچىلار كومىتېتىنىڭ قارارلىرىدا بەلگىلەنمەيدۇ. ئوقۇتۇش پروگراممىسى قاتارلىقلاردىمۇ بەلگىلەنمەيدۇ، بەلكى ئوقۇتۇش خادىملىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» ① ئۇ، يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «ھەر قانداق بىر مەكتەپتە ئەڭ مۇھىم بولغىنى دەرسلىكنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي يۆنىلىشى، بۇ يۆنىلىشنى كىم بەلگىلەيدۇ؟ تامامەن ئوقۇتۇش خادىملىرى بەلگىلەيدۇ.»② بۇ سۆزلەردىن شۇنى ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇكى، مائارىپ يۆنىلىشى ئېنىق بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ. ئەگەر بىر مەكتەپتە دەرسلىك، ئەسلىھە قاتارلىق شەرت - شارائىتلار ناچار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى بولسا، شەرت - شارائىت يارىتىپ بىر قەدەر يۇقىرى تەلىم - تەربىيە سۈپىتىگە ئېرىشكىلى بولۇشى مۇمكىن. ئەكسىچە، دەرسلىك ماتېرىيال، ئەسلىھە قاتارلىق شەرت - شارائىتلار ياخشى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولسا، ياخشى شارائىتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، تەلىم تەربىيە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشمۇ تەسكە توختايدۇ. ئىلمىي ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك ماتېرىيال، ئىلغار ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئەسلىھەلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى

① «لېنىن ئەسەرلىرى» 15 - توم 440 - ، 441 - بەتلەر.
② لېنىننىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى 438 - بەت

ئوقۇتقۇچى ئارقىلىق ئالدىن تەلىم - تەربىيە ئۈنۈمىگە ئايلىنالايدۇ. چۈنكى، مائارىپ يۈزلىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا ئوقۇتقۇچى ئارقىلىق ئالدىن ئەمەلىيلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار - مائارىپ سۈپىتىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچ، سىفەن مائارىپى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان بولغاچقا، ئۇ، ماھىيەتتە، مائارىپ سۈپىتىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

× × ×

سىفەن مائارىپى - مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تەرەققىي قىلغان. ھازىرقى دەۋردە مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن سىفەن مائارىپى تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلماقتا.

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى سىفەن مائارىپى سوتسىيالىستىك پىلان ئىگىلىكى بىلەن ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە سىفەن مائارىپ ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى سىفەن مائارىپى تۈزۈمىدە① چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە قويۇۋاتقان تېخىمۇ زور تەلىپىنى چوڭقۇر تونۇۋېلىپ، ھەر دەرىجىلىك سىفەن مەكتەپلىرىنىڭ ئىلىم سەۋىيىسىنى ئىزچىل يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەم سىفەن خاراكتېرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش، ھەم ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈشنى جانلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، شۇنداقلا چەت ئەللەرنىڭ سىفەن مائارىپى تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مانا بۇلار ئېلىمىز سوتسىيالىستىك سىفەن مائارىپىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشتىكى ھالقىلىق مۇھىم مەسىلىلەردۇر.

① ھازىر خەلقئارادا ئىككى خىل سىفەن مائارىپى تۈزۈمى مەۋجۇت: ئۇنىڭ بىرى، يۆنىلىش ئېنىق سىفەن مائارىپى تۈزۈمى. بۇنىڭدا، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى مەخسۇس تەسىس قىلىنغان ئالىي ۋە ئوتتۇرا سىفەن مەكتەپلىرى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلىدۇ. بۇ تۈزۈم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە [illegible] بىر قىسىم دۆلەتلەردە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى قىلىنغان. يەنە بىرى، ئوچۇق تىپلىق سىفەن مائارىپى تۈزۈمى بولۇپ، بۇنىڭدا، مەخسۇس سىفەن مەكتەپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلىپ، ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېت، ئەدەبىي ئۇسلۇب ئىنستىتۇتى، تېخنىكا ئىنستىتۇت (بۇلار مەكتەپلەرنىڭ ئاتىلىشى) ئارقىلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاساسىي دەرسلىرىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلار ئۈچۈن مائارىپ كەسپىي دەرسلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاساسىي مۇستەھكەملىنىدۇ. ئامېرىكا ۋە [illegible] بىر قىسىم دۆلەتلەردە بۇ تۈزۈم قوللىنىلماقتا. يۇقىرىقى ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار. ئېلىمىزدە يۆنىلىش ئېنىق سىفەن مائارىپى ئاساسىي تۈزۈم قىلىنىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① «سىفەن مائارىپى» (شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىكى)
② «مائارىپ لۇغىتى» (بىر قانچە خىل نۇسخىلىرى)
③ «جۇڭگو سىفەن مائارىپى» (بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان)
④ «سىفەن مائارىپى ۋە مائارىپ ئىلمى» (خەلق مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان).
⑤ «جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر مائارىپى» (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى نەشرى)
⑥ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى توغرىسىدا ئوچېركلار» (ئابدۇللا تالىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى)
⑦ «قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى» (ئابدۇرەھىم تۇختى) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى.
⑧ «جۇڭگو مائارىپ گېزىتى»، «مائارىپ تەتقىقاتى»، «پېداگوگىكا» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار.

## ئالىي مائارىپ پېداگوگىكىسىدىن لېكسىيە (6)

# ئالىي مائارىپ ئوقۇش تۈزۈمى ۋە قۇرۇلمىسى

( بېشى ئۆتكەنساندا )

## ئىككىنچى، ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسى

### 1. ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەھمىيىتى

ئومۇمەن ئېيتقاندا، قۇرۇلما دېگىنىمىز، سىستېمىنى تەشكىل قىلغان ھەر قايسى قىسىملارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش ئۇسۇلى ۋە نىسبەت مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇ ھەر قايسى ئامىللارنىڭ ئۆزىگە خاس ماھىيىتى تەرىپىدىن ئورتاق بەلگىلىنىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسى دېگىنىمىز ئالىي مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئىچىدىكى ھەر قايسى تەركىبىي قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئۇسۇلى ۋە نىسبەت مۇناسىۋىتىدۇر. ئۇ، كۆپ قاتلاملىق، مۇرەككەپ قۇرۇلما بولۇپ، ئۇنى ماكرولۇق قۇرۇلما ۋە مىكرولۇق قۇرۇلما دەپ تەخمىنەن ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن. ماكرولۇق قۇرۇلما دېگىنىمىزدە، ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل قاتلام، ھەر خىل پەن تۈرلىرى بويىچە ئالىي مائارىپ ئوتتۇرىسىدىكى بىرىكىش مۇناسىۋىتى، مىكرولۇق قۇرۇلما دېگىنىمىزدە بولسا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى بىرىكىش مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى، ھەر قايسى كەسىپ دەرسلىرىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى، ھەر خىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە باشقىلار. بۇ ماۋزۇدا ئاساسەن ئوقۇش تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ماكرولۇق قۇرۇلما ئۈستىدە توختىلىمىز. ماكرولۇق قۇرۇلما توغرىسىدىكى مەزمۇنلار كېيىنكى ماۋزۇلاردا بايان قىلىنىدۇ.

بۇرۇن دەپ ئۆتكەندەك، ئالىي مائارىپ ئوقۇش تۈزۈمىدە، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەرنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، ئوقۇش مۇددىتى قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق سىياسىي، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت قاتارلىقلارنىڭ ئالىي مائارىپقا قويغان تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى قانداق نىسبەت بويىچە بىرىكتۈرۈپ، ئەقىلغا مۇۋاپىق ئالىي مائارىپ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىش ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە يوق. مانا بۇ دەل قۇرۇلما تەتقىقاتىدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلە.

ئوقۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا، كىشىلەر مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭ-

شەش ۋە ئىسلاھ قىلىشقا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى، ئوقۇش تۈزۈمىدىكى باشقا قىسىملار مەسىلەن: مائارىپنى قانچە ۋە قايسى دەرىجىلەرگە ئايرىش، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەرنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى قاتارلىقلار ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىر قەدەر مۇقىم بولىدۇ. بۇلار دۆلەت ئېلان قىلغان ئوقۇش تۈزۈمى دىئاگراممىسىدىمۇ ئوچۇق بەلگىلەنگەن بولىدۇ. لېكىن ئوخشاش دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ھەر خىل تىپتىكىلىرىدىن قانچىنى قۇرۇش ۋە ئۇلارنى قانداق نىسبەت بويىچە بىرىكتۈرۈشنى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇناسىپ ھالدا تەڭشەپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ بەلگىلەش لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل قۇرۇلما جەھەتتىكى تەڭشەش ۋە ئىسلاھات ئالىي مائارىپنىڭ ئومۇمىي رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت قاتارلىقلاردىكى تۈرتكىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مائارىپنىڭ قۇرۇلما مەسىلىسى، يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردا بەك گەۋدىلەنگەن ۋە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا، ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىدىمۇ كۆپ خىل ئۆزگىرىشلەر كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئاممىباپلاشتۇرۇش: ئەسلىدە ناھايىتى كىچىك نىسبەتنى تەشكىل قىلىدىغان قىسقا مۇددەتلىك ئالىي مائارىپ ( ئىككى يىللىق )، 60 - يىللاردا كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بۇرۇنقى ئاتالمىش « مۇنار » شەكلىدىكى ئالىي مائارىپ ھالىتى ئۆزگەرتىلدى.

ئۆتكۈرلەشتۈرۈش: ھەر قايسى ئەللەردە ئاسپىرانتلىق مائارىپنىڭ تەرەققىياتى تېزلىشىپ، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك پەن تەتقىقات خادىملىرى يېتىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن - تەتقىقاتتىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىلمىي تەجرىبە ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا تېخىمۇ چوڭ رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش: ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن تەبىئىي پەنلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر مەكتەپتە ھەم تەبىئىي پەنلەر، ھەم سانائەت پەنلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئىلگىرىكىدەك پەن تۈرلىرىگە ئايرىش بۇزۇلۇپ تاشلاندى. يېڭىدىن راۋاجلانغان ئارا پەنلەر، كۆندىلەڭ پەنلەر ۋە ئۇنىۋېرسال پەنلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كۆپ خىللاشتۇرۇش: ئالىي مائارىپ نوقۇل ھالدا ياش ئوقۇغۇچىلارغىلا يۈزلىنىشتىن جەمئىيەتكە يۈزلىنىشكە ئۆتۈپ، « ئىككىنچى قېتىملىق تەربىيە » ياكى « ئۆمۈرلۈك تەربىيە » ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

دۇنيادا ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان نۇرغۇن دۆلەتلەردە پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەرگە ئوخشاش، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىمىز ئالىي مائارىپنىڭ جۇش ئۇ-

روۋپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولماقتا. ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەتقىق قىلىش ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىش بىر مۇھىم تېما بولۇپ قالدى.

### 2. ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە تەڭشەشنىڭ ئاساسلىرى

ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسى — قاتلام قۇرۇلمىسى، تىپ قۇرۇلمىسى، شەكىل قۇرۇلمىسى، رايون قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالىي مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتلەر دائىم سىستېمىنىڭ تاشقى قىسمىدىكى تۈرلۈك ئامىللارنىڭ چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

تاشقى قىسمىدىكى چەكلەپ تۇرىدىغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بۇ ئامىللارنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ھازىرقى مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك ئامىلنىڭ يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى جۈملىدىن پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ئاھالىدىكى ئۆزگىرىش قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئامىللارنىڭ ئالىي مائارىپقا بولغان تەسىرى ئىككىنچى لېكسىيىدە بايان قىلىنغانىدى.

ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى تاشقى قىسمىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىشتىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىگىمۇ ماس كېلىشى لازىم. بۇ قانۇنىيەتلەر:

(1) پۇتۇنلۇك قانۇنىيىتى. ئالىي مائارىپ بىر زور سىستېما سۈپىتىدە، بىر مۇنچە قىسمەنلىكلەردىن تەركىب تاپقان بىر پۇتۇنلىكتۇر. ھازىرقى زامان سىستېما نەزەرىيىسىنىڭ قارىشىچە، پۇتۇنلۇك ھەر قايسى تەركىبىي قىسىملاردا بولمىغان يېڭى ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ. قىسمەنلىكلەر پۇتۇنلۇكنى تەشكىل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدىن مەھرۇم بولۇپ، يەككە ھالەتتە تۇرغىنىدا مەۋجۇت بولمىغان پۇتۇنلۇك خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىدارى قىسمەنلىكلەرنىڭ يىغىندىسىدىن چوڭ بولىدۇ. ئەگەر قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولمىسا، ئۇ ھالدا پۇتۇنلۇكنىڭ ئىقتىدارى بەلكىم قىسمەنلىكلەرنىڭ يىغىندىسىدىن كىچىك بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر سىستېمىنىڭ ھەر قايسى تەركىبىي قىسىملىرى ئىقتىدارىنىڭ ياخشى بولۇشى ئەلۋەتتە مۇھىم، لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى سىستېمىنى ياخشى قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىشتۇر. ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسى ئۆزىنىڭ بىر پۇتۇنلۇكى بويىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا پۇتۇنلۇك قىسمەنلىكلەرنى تىزگىنلەش ۋە يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، ھەر قايسى تەركىبىي قىسىملار بولسا پۇتۇنلۇكنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى لازىم.

(2) باغلىنىش قانۇنىيىتى. قۇرۇلما ئىچىدىكى ھەر قايسى تەركىبىي قىسىملار زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. قىسمەنلىكنىڭ بىرىدىكى ئۆزگىرىش مۇقەررەر ھالدا باشقا قىسمەنلىكلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە كېڭىيىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئاساسلىقى بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى بىر - بىرىگە توسقۇنلۇق قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل رول ئويناشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنى سۈپەت، سان، نىسبەت ۋە سۈرئەت قاتارلىق تەرەپلەردە ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلما پۈتۈنلۈكىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ جارى قىلىنىشىغا پايدىلىق. بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە ھەر قايسى تەركىبىي قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىنى ساقلاش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدىكى ماسلىشىشنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت.

(3) تولۇقلاش قانۇنىيىتى. قۇرۇلمىنىڭ تولۇقلاش مۇناسىۋىتى نۇرغۇن تەرەپلەردە مەسىلەن: قۇرۇلما بىلەن ئىقتىدار، قۇرۇلمىدا تەرتىپ بولۇشى بىلەن بولماسلىق ۋە قۇرۇلمىنىڭ تۇرغۇن ھالىتى بىلەن ھەرىكەت ھالىتى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. قۇرۇلما بىلەن ئىقتىدارنىڭ تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ، شەيئىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى شەيئىلەرنىڭ ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدىغانلىقى، ئىقتىدار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قۇرۇلمىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ۋە قۇرۇلمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۆزگىرىشىدە پائال رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىدا ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەرنىڭ قاتلاملىرى ۋە تەسىس قىلىنغان كەسىپلەرنىڭ ساز نىسبىتى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر پۈتكۈل ئالىي مائارىپنىڭ ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوخشاشلا، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، پەن- تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىقلار ئالىي مائارىپنىڭ ئىقتىدارىغا قارىتا يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىتتا، ئىقتىدارنىڭ ئۆزگىرىشى مۇقەررەر ھالدا ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇخىل تولۇقلاش مۇناسىۋىتى ياخشى ئىگىلەنسە، قۇرۇلمىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ ۋە مۇۋاپىق قۇرۇلمىنى بەرپا قىلىپ، ئالىي مائارىپنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

### 3. ئېلىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش

تۆۋەندە ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا بىر قانچە تەرەپتىن كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

1) قاتلام قۇرۇلمىسى

قاتلام قۇرۇلمىسى دېگەندە ئالىي مائارىپتىكى ھەر قايسى قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى بىرىكىش نىسبەت مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ، تىك لىنىيىلىك قۇرۇلمىدۇر. ئالىي مائارىپنىڭ ئىچكى قىسمى سەۋىيە بويىچە ئۈچتىن تۆتكىچە قاتلامغا ئايرىلىدۇ. ئالىي مائارىپنىڭ سىرتقا قارىتا ماسلىشىشى بىلەن ئىچكى قىسمىدا ئۇلىنىشى ئوتتۇرىسىدا خاراكتېرىنىڭ چەكلىنىشى تۈپەيلىدىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە بەلگىلىك نىسبەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سىرتقا قارىتا، ماسلىشىشى دېگەندە، ھەر خىل قاتلام ۋە ئۆلچەم بويىچە

يېتىشتۈرۈلگەن ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىشى لازىملىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىچكى قىسىمدا ئۇلىنىشى دېگەندە، ئالىي مائارىپنىڭ ئىچكى قىسىمدا تۆۋەن دەرىجىلىك تەربىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك تەربىيىگە ئۆتۈشنى دەل ۋاقتىدا ئىختىساسلىق كىشىلەر بىلەن تەمىن ئېتىشكە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن يېتىشتۈرۈلگەن ھەرخىل سەۋىيىدىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ نىسبىتىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان، ئالىي مائارىپنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرى دەرىجىگە بولغان قاتلاملىرى ئادەتتە پىرامىدا شەكلىدە يەنى يۇقىرى دەرىجە ئىگىلىگەن نىسبەت كىچىكرەك بولىدۇ، ھەر قايسى قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى كونكرېت نىسبەت، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر قاتلام قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولسا، يېتىشتۈرۈلگەن ئىختىساسلىق كىشىلەر ئەمەلىيەتتىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ ياكى تەكرارلىنىش كېلىپ چىقىدۇ. ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش يۈرۈشلەشتۈرۈلمىسە، ئۇلار لايىقىدا ئىشلىتىلمەي ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

ئېلىمىز ئالىي مائارىپى ئۈچ قاتلىمىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا ئىككى باش كىچىك، ئوتتۇرىسى چوڭ يەنى تولۇقسىز كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارنىڭ نىسبىتى كىچىك. بۇ ھال ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى «تۆتلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئانچە ماس كەلمەيدۇ. 6 - 3 جەدۋەلدىكى ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، 1985 - يىلدىن باشلاپ بۇ ئۈچ قاتلامنىڭ نىسبىتىدە بىر قەدەر چوڭ ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن قاراتمىلىقى بولغان ھالدا يەنىلا تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

6 - 3 جەدۋەل: ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش قاتلاملىرىنىڭ نىسبىتى

| يىل | تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى | | تولۇقسىز كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى | | ئاسپىرانتلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | مەكتەپتىكىلەر سانى | نىسبىتى % | مەكتەپتىكىلەر سانى | نىسبىتى % | مەكتەپتىكىلەر سانى | ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن % |
| 1957 - يىل | 393,300 | 89.2 | 47,900 | 10.8 | 3,178 | 0.72 |
| 1965 - يىل | 644,000 | 95.5 | 30,400 | 4.5 | 4,546 | 0.67 |
| 1980 - يىل | 861,900 | 75.4 | 281,800 | 24.6 | 21,604 | 1.89 |
| 1983 - يىل | 929,319 | 77 | 277,504 | 23 | 30,559 | 2.5 |
| 1984 - يىل | 1,007,721 | 72.2 | 387,935 | 27.8 | 47,949 | 3.44 |
| 1985 - يىل | 1,122,643 | 65.9 | 580,472 | 34.1 | 75,493 | 4.3 |

(1) تولۇقسىز كۆرس مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش.

تولۇقسىز كۆرس مائارىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكلار، باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ تەلىم-تەربىيە مەزمۇنى ئاساسىي نەزەرىيە تەربىيىسى ۋە بەلگىلىك مەخسۇس تېخنىكا تەربىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئانچە كەڭ بولمىغان ساھەدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۆرس ئوقۇغۇچىلىرىغا يېقىنلىشىدىغان دەرىجىدە نەزەرىيە بىلىملىرىگە ئىگە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە بەلگىلىك تېخنىكا تەربىيىسىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەسپىي تەربىيىلىنىش جەھەتتە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن كۈچلۈك، ئاساسىي نەزەرىيە جەھەتتە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكۇملاردىن چوڭقۇر ۋە كەڭرەك بولىدۇ. تولۇق كۆرس ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا نەزەرىيە ئاساسى ئاجىزراق، تېخنىكىغا دائىر تەربىيىلىنىشتە كۈچلۈكرەك كېلىدۇ، تەربىيىلىنىش دەۋرى قىسقا، خىراجىتى ئاز بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى تېخى يۇقىرى ئەمەس، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار كۆپرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆلەپ جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى يەنىلا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك خادىملار ۋە باشقۇرغۇچى خادىملاردۇر. كۆپ يىللاردىن بۇيان ھەممە ۋاقىت تولۇق كۆرس مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىلگەچكە، تولۇقسىز كۆرس مائارىپى ئاجىزلاپ كەتتى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرى يېتىشمەيدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. كۆپلىگەن ئورۇنلارنىڭ ئىنژېنېرلىرى تېخنىكلارنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى قىلماقتا. بۇ خىل ئەھۋالنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، تولۇقسىز كۆرس مائارىپىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش لازىم.

چەت ئەللەرنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئالىي تېخنىكۇملارنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى پايدا - زىيىنىنى سېلىشتۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئالىي تېخنىكۇملارنى باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، تولۇقسىز كۆرس مائارىپىنى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئالاھىدىلىكنى چىڭ تۇتۇش لازىم:

يەرلىكلىك. جايلار ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي - مائارىپ قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان تىپتىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەنبەسى ۋە تەقسىماتىنى ئاساسەن شۇ رايونغا يۈزلەندۈرۈش:

يۆنىلىشچانلىق. تەربىيىلەش نىشانىدا ۋە كەسىپلەرنى تەسىس قىلىشتا ئېنىق كەسپىي يۆنىلىش بولۇش ھەمدە رايونلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جانلىق ۋە ئۆزگىرىپ تۇرالايدىغان، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈكرەك بولۇش.

ئىقتىسادچانلىق. مەكتەپ باشقۇرۇشتا ھەر يەرنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، سېلىنىدىغان مەبلەغنى تېجەش، ئوقۇش راسخودىنى ئەھۋالغا قاراپ ئېلىش، ئىمكان قەدەر قاتناپ ئوقۇش، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىشنى ھۆد-

دىگە ئالماي، ياخشىلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىش.

(2) ئاسپىرانتلىق مائارىپنى پائال راۋاجلاندۇرۇش.

ئېلىمىز ئاسپىرانتلىق مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇنقى 17 يىلدا ئاستا بولدى، كېيىنكى يىللاردىن بۇيان بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلىپ، بەلگىلىك كۆلەم ھاسىل قىلىندى. لېكىن مەيلى نوقۇل سانى ياكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبەت سانى جەھەتتىن بولسۇن ئەمەلىي ئېھتىياجدىن يەنىلا يىراق تۇرۇۋاتىدۇ ، بولۇپمۇ دوكتورلارنى يېتىشتۈرۈش تېخى ئەمدىلا باشلاندى، سانىمۇ كۆپ ئەمەس. بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتە مەۋقەنى ئاساسلىقى دۆلەت ئىچىگە قويۇپ، بىر قەدەر مۇكەممەل ئاسپىرانت يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشىمىز كېرەك.

ئاسپىرانتلىق مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا سانىمۇ تۇتۇشىمىز، سۈپىتىگە تېخىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك . شەرتكە قارىماي سانىنى كۆپەيتىشنى قارىغۇلارچە قوغلىشىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. بىر مەزگىل سان جەھەتتە چوڭراق تەرەققىيات بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى تەڭشەپ ۋە مۇستەھكەملەپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ، دەرسلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر خىل تەربىيىلەش يوللىرىنىڭ پايدا-زىيىنىنى يەكۈنلەپ، تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا يۈزلىنىش كېرەك. ھازىر ئىگە بولغان ئۈستۈنلۈكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، شەرت - شارائىتى ياخشى، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر ئاسپىرانتۇرىيە ئېچىپ، ئۆزلىرىدىكى تېخىمۇ ئۈستۈنلۈككە ئىگە پەنلەر بويىچە ئاسپىرانتلارنى تۈركۈملەپ يېتىشتۈرۈشى لازىم.

(3) ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرس مائارىپىنى سالماق قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇش.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئېلىمىز ئالىي مەكتەپلىرىدە تولۇق كۇرس بىرلا خىل تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان قاتلامدەك بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەرتىلىشى كېرەك، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆزگەرتىلىۋاتىدۇ. لېكىن تولۇق كۇرس مائارىپى ئېلىمىزدە يەنىلا ئالىي مائارىپتىكى مۇستەقىل ۋە مۇھىم بىر قاتلامدىن ئىبارەت. ئۇ ئاسپىرانتلىق مائارىپىنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ھەمدە تولۇقسىز كۇرس مائارىپى بىلەن تەربىيىلەش ئۆلچىمى جەھەتتە پەرقلەنمەيدىغان بولۇپمۇ قالماسلىقى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سان جەھەتتىن داۋاملىق مەلۇم دەرىجىدە كېڭەيتكەندىن باشقا يەنە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسلىرىغا قارىتا تۈرگە ئايرىش، باسقۇچقا ئايرىش ۋە ئۆلچىمىنى ئايرىشنى يولغا قويۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى چىقىش قىلىپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن، بۇرۇنقىدەك ئوقۇتۇش پىلانى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللارنى بىر خىللا قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىشى كېرەك.

تۈر ئايرىش: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسلىرىنى ، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئالىي

مەكتەپلىرى، مەركەزنىڭ مىنىستىرلىك كومىتېتلىرى ۋە ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلىرى ھەممە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىش؛ دۆلىتىمىزدە ئۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش يولغا قويۇلغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئاكتىپ رولىمۇ بولدى، بەزى ئۇقتىلارمۇ ساقلىنىپ كەلدى. ئۇقتىلارنىڭ ئاساسلىقى ئۇقتا مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇقتا بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئۇقتا ئەمەلىيەتتە ئۇقتا بولماي قالدى. بۇ خىل ئەھۋالنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئالدى بىلەن ئۇقتىلىق پەنلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت. بۇ، ئۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇقتىلىق پەنلەرنىڭ ئۆلچەملىرى بېكىتىلىپ، مۇددەتلىك تەكشۈرۈپ باھالاش يولغا قويۇلۇپ، ئۆستۈرۈشمۇ، چۈشۈرۈشمۇ بولۇشى، رىقابەتلىشىش قانات يايدۇرۇلۇشى كېرەك. باھالانغان ئۇقتىلىق پەنلەرنى تولۇق شەرت - شارائىت بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. مۇشۇ ئاساسقا ئىگە بولغاندا، ئۇقتىلىق پەنلەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتىگە ئاساسەن، ئۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر تەبىئىي ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.

باسقۇچ ئايرىش: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرس قاتلىمىنى يەنە ئىككى باسقۇچقا ئايرىش، ئالدىنقى ئىككى يىلىنى، ئاساس تەربىيە باسقۇچى قىلىش، كېيىنكى ئىككى يىلىنى كەسپىي يۆنىلىش بويىچە يۇقىرى كۆتۈرۈش باسقۇچى قىلىش؛ مۇشۇنداق قىلغاندا ھەرخىل ئالىي مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى يۇرۇشتۇرۇشقە قولايلىق يارىتىلىپ، ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ جانلىنىقلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى بىرىنچى باسقۇچ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ رېئال ئەھۋالىغا ئاساسەن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشى يەنى يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقىش ياكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ياكى مەكتەپ ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇش ھەققىدە ئۆز پىكرىنى قويالايدۇ. ئالىي مەكتەپلەرمۇ لاياقەتسىز ئوقۇغۇچىلارنى شاللىۋېتىپ، باشقا ئالىي مەكتەپلەردىن ساپاسى ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇنداق باسقۇچقا ئايرىش چەت ئەللەردە ئاللىقاچان يولغا قويۇلغان. بىز دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، تاللاپ سىناق قىلىپ، نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاندىن پەيدىن - پەي ئومۇملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۆلچەم ئايرىش: ھەر ساھە ۋە كەسىپلەرنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ تۈرى ۋە ئۆلچىمى توغرىسىدىكى تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپ ۋە كەسىپلەرنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۆلچىمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئۇقتىلىق بولمىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلەش ئۆلچىمىنى پەرقلەندۈرۈش، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىدە پەرق بولغاچقا، ئۆلچەمنى ئوخشاش قىلماسلىق، ئوخشاش تىپتىكى خادىملارنى مەسىلەن: سانائەت پەنلىرى بويىچە يېتىشتۈرۈلىدىغان قۇرۇلۇش - تېخنىكا خادىملىرىنىمۇ ئىچىۋېتىش تەتقىقاتىنى ئاساس قىلىش، لايىھىلەشنى ئاساس قىلىش، ياساش تېخنولوگىيىسىنى ئاساس قىلىش قاتارلىقلارغا ئايرىش، كۆپرەك ئېتىبار بېرىلىدىغان تەرەپكە، ئاساسىي نەزەرىيە،

قۇرۇلۇش مەشقى، كەسپىي دەرسلەر نىسبىتى ھەتتا ئۆگىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقى-لىقىغىچە پەرق بولۇش. ۋەزىپە ئېنىق بولسىلا، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوخشىمىغان دەرسلەرنى تاللاش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلىدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

2) پەن تۈرلىرى قۇرۇلمىسى

پەن تۈرلىرى قۇرۇلمىسى دېگەندە، ئوخشىمىغان تىپتىكى مەكتەپلەر ۋە تەسىس قىلىنغان كەسپلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ، توغرا لىنىيىلىك قۇرۇلمىدۇر.

پەن تۈرلىرىنى چوڭراق جەھەتتىن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، تىببىي، سىفەن، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، مالىيە-ئىقتىساد، سىياسىي، تەنتەربىيە، سەنئەت قاتار-لىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ. ھەر بىر پەن تۈرى ئۆز ئىچىدە يەنە بىر مۇنچە مەخسۇس كەسپلەرگە ئايرىلىدۇ.

(1) ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، كەسىپ ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش.

ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەش— تەسىس قىلىنىدىغان كەسپلەرنى بېكىتىش ۋە كەسپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتتىكى ئاساسىي خىزمەت. مائارىپنىڭ دەۋرى ئۇزۇن، ئۇ،كېلىچەك ئۈچۈن خادىم تەربىيىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېلىچەك زادى قانداق خادىملارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ دېگەننى ئالدىن مۆلچەرلەش لازىم. ئىختىسا-لىق كىشىلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەش — خەلق ئىگىلىك پىلانى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش، كادىرلار تۈزۈمى ۋە ئەمگەك - كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىقلارغا چېتىشلىق بولۇپ، ئۇنى يەككە - يىگانە ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ.

ئىختىساسلىق كىشىلەرگە بولغان ئېھتىياجدىن قارىغاندا، جەمئىيەتنىڭ ئىختىسا-لىق كىشىلەرنىڭ تۈرى ۋە ئۆلچىمىگە قويغان تەلىپى كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. ئالىي مەك-تەپلەر ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ بىرلەشتۈرۈپ، بىر مۇنچە كەسپلەرنى قۇرۇش ئارقى-لىقلا جەمئىيەتنىڭ بۇ تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت كەسپلەرنىڭ نامى، يۆنىلىشى، دائىرىسى ۋە ئۆلچىمىنى بىر تۇتاش بەلگىلەپ بېرىشى، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر بولسا، كەسپلەرنى بىر تۇتاش ئۆلچەم بويىچە تەسىس قىلىشى لازىم. مۇشۇن-داق قىلغاندا، كەسپلەرنى تەسىس قىلىشتا كۆپ بولۇپ كېتىش، ئارىلىشىپ كېتىش، قالايمىقان بولۇپ كېتىش ئەھۋاللىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى زور دەرىجىدە كونترول قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئومۇمىي كەسپلەر كاتالوگىنى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش— كەسپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم بىر خىزمەت.

(2) پەن تۈرلىرىنىڭ نىسبىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، پەنلەر ئارا بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش.

ئېلىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسى 50- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىنستىتۇت ۋە فا-كۇلتېتلار بويىچە تەڭشەلگەن ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسىدىن پايدىلىنىلغان.

ئۇ، ئەينى چاغدىكى قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئومۇمەن ماس كېلەتتى، لېكىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مۇۋاپىق تەڭشەش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقتىن بەزى نۇقسانلار بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. ئېلىمىز ئالىي مائارىپىنىڭ كەسىپلەر قۇرۇلمىسى ئومۇمەن ئالغاندا مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

مەخسۇسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇشقا سەل قاراش. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىرلا تۈردىكى كەسىپ خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى ئالىي مەكتەپلەر كەمچىل. مەكتەپلەر ئومۇمەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، قاتناش قاتارلىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ تارماقلىرى بويىچە قۇرۇلغان. سانائەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە ئۆز قارمىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى بويىچە يەككە پەنلىك ئىنستىتۇتلار ئېچىلغان. مەسىلەن: مېتاللورگىيە، خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق ۋە باشقىلار. ئايرىلغان تۈرلەر ھەم كۆپ، ھەم ئىنچىكە بولۇپ كەتكەن. بۇ، كەسپىي كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كەسپىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئىمكان قەدەر تېز يېتىشتۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەر قايسى پەن تارماقلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلدى. كەسىپلەرگە ئايرىش ئىنچىكە بولغانسېرى، يېتىشتۈرۈلگەن خادىملارنىڭ بىلىم دائىرىسى تار، ماسلىشىشچانلىقى ناچار بولۇپ، ئىجادىيەت قابىلىيىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇنداقلا يېڭى پەنلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغىمۇ پايدىسىز بولدى. پەن - تېخنىكا پۈتۈن كەۋدە بويىچە كىرەلىشىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، بۇ خىل يەككە پەنلىك كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى كۈندىن - كۈنگە روشەن بولماقتا.

بۇ خىل ئەھۋالنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىش لازىم. مەسىلەن: يېقىندىن گۈللىنىۋاتقان ئارا پەنلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە پىشىپ - يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، شەرت - شارائىتى بار نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنى تاللاپ، ئۇلارنى پەن تۈرلىرى تولۇق بولغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى ئالىي مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، بەزى يەككە پەنلىك ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ۋە تەڭشەش ئارقىلىق كۆپ پەنلىك ئالىي مەكتەپلەرگە ئايلاندۇرۇپ، بىر مەكتەپتە ھەم تەبىئىي پەن كەسىپلىرى، ھەم سانائەت پېنى كەسىپلىرى بولۇشىنى ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلەن تەبىئىي پەنلەرنىڭ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ بىر رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئويناش.

تەبىئىي پەنگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي پەنگە سەل قاراش. ئېلىمىزدە ئىجتىمائىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن (6 – 4 جەدۋەلگە قارالسۇن). جەدۋەلدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي پەنلەر «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن 1983- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىجتىمائىي پەن (مالىيە - ئىقتىساد، سىياسىي قانۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسبىتى 13 پىرسەنتنىلا ئىگىلىگەن. سىفەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوشقاندىمۇ پەقەت 38.9 پىر-

سەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ نىسبىتىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئىچىدە مالىيە ـ ئىقتىساد كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 5.9 پىرسەنتىنى، سىياسىي قانۇن كەسپى ئوقۇغۇچىلىرى ئاران 1.5 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىگەن، بۇ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدۇ.

6 ـ 4 جەدۋەل: ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن تۈرلىرى بويىچە ئوقۇغۇچىلار نىسبەت سانى

| يىل | سانائەت پەنلىرى | تەبىئىي پەن | دېھقانچىلىق ئورمانچىلىق | تېببىي دورىگەرلىك | مەدەن | ئىجتىمائىي پەن | مالىيە ـ ئىقتىساد | سىياسىي قانۇن | تەنتەربىيە | سەنئەت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 ـ يىل | 37.0 | 6.5 | 9.1 | 11.2 | 26.0 | 4.4 | 2.7 | 1.9 | 0.7 | 0.6 |
| 1965 ـ يىل | 43.9 | 9.2 | 9.4 | 12.3 | 14.0 | 6.8 | 2.7 | 0.6 | 0.6 | 0.6 |
| 1980 ـ يىل | 33.5 | 7.3 | 7.2 | 12.2 | 29.6 | 5.1 | 3.3 | 0.5 | 0.8 | 0.5 |
| 1983 ـ يىل | 34.7 | 6.6 | 6.7 | 11.6 | 25.9 | 5.6 | 5.9 | 1.5 | 0.8 | 0.5 |

ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش نۆۋەتتە ئالىي مائارىپ كەسپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم تەرەپ. ئىجتىمائىي پەنلەرنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش داۋامىدا تەرەققىي قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى كەسپلەر (مەسىلەن: نوپۇس ئىلمى (دېموگرافىيە)، سوتسىئولوگىيە، سىياسىي ئىلمى) نى كۆپەيتىشكە، ئاجىز كەسپلەر (مەسىلەن: قانۇنشۇناسلىق، ئىستېتىكا، پېداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيەنىڭ تارماقلىرى) نى كېڭەيتىپ تولۇقلاشقا دىققەت قىلىش لازىم. ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى خىزمەتتىكى كادىرلارنى تەربىيىلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

ئېغىر سانائەت پەنلىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يېنىك سانائەت پەنلىرىگە سەل قاراش. ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرىنىڭ نىسبىتى بولۇپمۇ سانائەت پەنلىرىنىڭ نىسبىتى نىسپىي يۇقىرى (6 ـ 4 جەدۋەلگە قارالسۇن). ئېلىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، سانائەت پەنلىرى نىسبىتىنىڭ يۇقىرىراق بولۇشى ئەقىلغا مۇۋاپىق بولسىمۇ، لېكىن بەك يۇقىرى بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ نىسبىتىنى چەت ئەللەردە يولغا قويۇلغان نىسبەتتەك قىلغىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. سانائەت پەنلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، نىسبەت بۇزۇلغان: ئېغىر سانائەت بىلەن ھەربىي سانائەت كەسپلىرىنىڭ نىسبىتى چوڭراق، يېنىك سانائەت تۈرىدىكى كەسپلەرنىڭ نىسبىتى بەك كىچىك بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق ۋە يېمەك-

لىكلەردىن ئىبارەت ئۈچ خىل كەسىپ ئەڭ ئاز. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1981 - يىلى بۇ ئۈچ خىل كەسىپ بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار بارلىق سانائەت پەنلىرى ئالىي مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 3.8 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىگەن.

كەسىپلەرنىڭ نىسبىتىنى تەڭشەشتە، ھەم ئېھتىياجىنىمۇ قاراش ھەم ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىمۇ ئاساس قىلىش كېرەك. ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى يولغا قويۇپ، «قىسقا لىنىيىلىك» كەسىپلەرنىڭ شەرت - شارائىتىغا ھەقىقىي كېپىللىك قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش، «ئۇزۇن لىنىيىلىك» كەسىپلەرنى ئومۇمىي خاراكتېرىدىكى كەسىپلەرگە ئۆزگەرتىپ، «قىسقا لىنىيىلىك» كەسىپلەرگە ئالاقىدار خادىملارنى تەربىيىلەش، تېخى ئېچىلمىغان ۋە ئارا پەنلەر كەسىپلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىشتا، زۆرۈر شەرت - شارائىتنى ھازىرلاش ئاساسىدا ئاز ساندىكى جىددىي ئېھتىياجلىقلىرىنىلا ئويلىشىش، دەم ئۆرلەپ، دەم پەسىيىشتىن ساقلىنىش؛ يۇقىرىقىدەك قىلغاندا ئاندىن بىر قەدەر تېز ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

(3) كەسىپ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ماسلىشىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈش.

كەسىپلەرنى تەسىس قىلىشتا ئوخشىمىغان كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان ماسلىق بولۇشىنىمۇ ئويلىشىش ھەمدە ئىش تۈرى، ۋەزىپىسى ئۆزگەرگەندە ئەسلىدە بار ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسىدا قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىش ئارقىلىق يېڭى ئىش تۈرىگە ماسلىشالايدىغان ئومۇمىي قابىلىيەت جەھەتتىكى ماسلىشىشچانلىقىنىڭ بولۇشىنىمۇ ئويلىشىش لازىم. شۇڭا كەسىپلەرنى ئىمكانقەدەر نەزەرىيە ئاساسى چوڭقۇرراق، بىلىم دائىرىسى كەڭرەك، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈكرەك قىلىپ قۇرۇش لازىم.

ئېلىمىزدە، بىرلا خىل كەسىپ قۇرۇلمىسىدىكى ئالىي مەكتەپلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى نۇقسانلار (تارماقلار ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ) تۈپەيلىدىن كەسىپلەرنىڭ ئايرىلىشى بەك ئىنچىكە، دائىرىسى بەك تار بولۇپ كەتكەن. بولۇپمۇ سانائەت پەنلىرى كەسىپلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇرغۇنلىغان كەسىپلەر ھۈنەر - سەنئەت ياكى مەھسۇلاتنى ئاساس قىلىپ تەسىس قىلىنغان، بەزىلىرىنىڭ كەسىپ نامى ئوخشىمىسىمۇ لېكىن مەزمۇنى ئوپمۇ ئوخشاش. مەسىلەن: ماشىنسازلىق كەسپى ھەر خىل ساھە نامى بىلەن 40 نەچچە خىلغا ئايرىلغان. كەسىپلەر ئىنچىكىرەك ئايرىلغاندا، كونكرېت خىزمەتكە تېز ماسلىشىپ كېتىشمۇ لېكىن تەقسىمات ئۆز كەسپىگە توغرا كەلمەي قالسا، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى تەس بولۇپ قالىدۇ. تەرەققىياتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەھسۇلاتنىڭ يېڭىلىنىش دەۋرى قىسقىرىۋاتقان، ھۈنەر - سەنئەتتىكى ئۆزگىرىش تېز بولۇۋاتقان يۈزلىنىشكە ماسلىشالمايدۇ.

ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، ماسلىشىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كەسىپلەرنىڭ ئايرىلىشى بەك ئىنچىكە ۋە تار بولۇپ قېلىشتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، كەسىپ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

دەرۋەقە، كەسىپ دائىرىسىنى كېڭەيتىش دېگەنلىك — چەكسىز ھالدا قانچە كەڭ بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئالىي مەكتەپلەر قاتلام جەھەتتە ئوخشىمايدۇ. ھەر خىل ئۆلچەمدىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئالىي تېخنىكۇملار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئالىي مەكتەپلىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپلىرىنى ئىنچىكىرەك، دائىرىسىنى تارراق، كەسپىي يۆنىلىشىنى كۈچلۈكرەك قىلىپ تەسىس قىلىش تامامەن ئورۇنلۇق.

(4) سىفەن مائارىپىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش.

مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشى مەبلەغ مەسىلىسىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى ئاچقۇچ لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بولۇشىدا. ۋاھالەنكى ئوقۇتقۇچىنى مائارىپ تارماقلىرى ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. شۇڭا مائارىپ ئىشلىرى ئىچكى قىسىم قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرىدىغان كەسىپلەر بولۇشى ھەمدە بۇ كەسىپلەر مۇۋاپىق نىسبەتنى ئىگىلىشى لازىم.

ئالىي مائارىپتا سىفەن خاراكتېرىدىكى مەكتەپلەر (ئاساسلىقى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ) نىڭ قانچىلىك نىسبەتنى تەشكىل قىلىشى، شۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بۇ ھەقتە بىر تۇتاش ئۆلچەم ۋە بىر تۇتاش نىسبەت بولۇشى تەس. ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، ھازىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئالىي سىفەن مەكتەپلىرى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئالىي سىفەن مەكتەپلەر ۋە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى، ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ تۆتتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. نىسبەت جەھەتتىنلا قارىغاندا، بۇ ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن سىفەن مائارىپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى تازا قاندۇرالمايۋاتىدۇ. خېلى كۆپ جايلاردا ھەقىقىي لاياقەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە يەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، ئاھالە ئامىلى ۋە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى سەۋەبىدىن ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياج چوڭ بولىدۇ. ئاز ساندىكى بىرنەچچە كونا سىفەن ئالىي مەكتەپلىرىنىڭلا ئوقۇتقۇچى كۈچى، ئۈسكۈنە شارائىتى ۋە ئوقۇتۇش كۈچى بىر قەدەر ياخشى، قالغانلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىسى سىفەن ئالىي تېخنىكۇملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىفەن مەكتەپلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن، كۈچى ئاجىز. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىفەن مائارىپىنى كۈچەيتىش كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم بىر ھالقا.

سىفەن مائارىپىدىمۇ كەسىپلەرنى تەسىس قىلىشتا نىسبەت مەسىلىسى بار. ئۇ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىشى لازىم. مەسىلەن: نۆۋەتتە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي - تېخنىكا مائارىپىنىڭ

تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىرىمۇ، ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. مەسىلەن: ھېسابلاش ماشىنىسى تىلى، قانۇن ۋە مۇھىت ئاسراش قاتارلىقلار بويىچە يېڭى دەرسلەرنى ئۆتۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇ دەرسلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالىي سىفەن مەكتەپلەر ئالاقىدار يېڭى كەسپلەرنى ئېچىشى ياكى ئىمكانىيىتى بار ئوقۇغۇچىلار ئىككىنچى كەسىپ (ياكى قوشۇمچە پەنلەر دېيىشمۇ بولىدۇ) نى تاللاپ ئۆگىنىشى، تەبىئىي پەن، سانائەت پېنى، تېببىي ۋە يېزا ئىگىلىك ئالىي مەكتەپلىرىمۇ كەسپىي - تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا مەكتەپكە كىرگىچە بولغان تەربىيە، مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ئالىي مائارىپ قاتارلىق مائارىپنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار كەسپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

3) شەكىل قۇرۇلمىسى

شەكىل قۇرۇلمىسى دېگەندە، ئوخشىمىغان مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى يەنى ئادەتتىكى ئالىي مائارىپ بىلەن باشقا ھەر خىل تىپتىكى ئالىي مائارىپ ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئالدىنقىسى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم تەشكىلىي شەكلى، دائىملىق مۇئەسسەسلىرى ۋە مۇقىم ئوقۇش مۇددىتى بولىدۇ. نەتىجىسى دەرىجە بويىچە يىغىپ ھېسابلىنىپ، بىر باسقۇچ ئاخىرلاشقاندا مەلۇم بىر خىل ئىسپات بېرىلىدۇ. كېيىنكىسى، تېلېۋىزىيە، رادىئو، سىرتتىن ئوقۇش ئالىي مەكتەپلىرى (يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئوقۇتۇش شەكلى قوللىنىلمايدۇ)، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، دېھقانلار ئالىي مەكتەپلىرى، كەچلىك ئالىي مەكتەپلەر ۋە كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسلىرى (يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئوقۇتۇش شەكلى قوللىنىلىدۇ) بولۇپ، ئۇلار بەلگىلىك تەشكىل ۋە دائىملىق شەرت - شارائىتقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇش مۇددىتى كۆپ خىل بولىدۇ، نەتىجە دەرىجىسىنىڭ ھەممىسلا مۇنتىزىم تۈزۈمدىكى دەرىجە سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈشى ناتايىن.

ئېلىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ سىستېمىسىدىمۇ ئادەتتىكى ئالىي مائارىپ ۋە كۆپ خىل شەكىللىك ئالىي مائارىپتىن ئىبارەت ئىككى «پۇت» بار، «ئىككى پۇت بىلەن مېڭىش»-ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇنۇملۇك فاڭجېنى. بۇرۇن خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپ خىل شەكىللىك ئالىي مائارىپتىن ئىبارەت بۇ «پۇت» ئىنچىكە ھەم قىسقا بولۇپ قالغانىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن خۇشاللىنارلىق تەرەققىياتقا ئىگە بولدى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1985-يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى يەتتە يۈز 87 مىڭدىن ئاشقان. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار جەمئىي بىر مىليون يەتتە يۈز 25 مىڭغا يېتىپ، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ، ئېلىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ سىستېمىسىدىكى زور بىر قوشۇن.

ھەرخىل شەكىلدە باشقۇرۇلغان ئالىي مائارىپ ئوخشاشلا مەخسۇس خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى تېخىمۇ بىۋاستە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، پەن - تېخنىكىنى تېزلىكتە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرالايدۇ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەخسۇس خادىملارنى بىۋاستە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؛ ئەمگەك كۈچلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇۋاپىق سەپلەشتە ئۇنىڭ ئۇنۇمى تېخىمۇ رېيال بولىدۇ. پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە تەقسىمات مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا تەقسىمات كەسپىگە توغرا كەلمەيدىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش تەس. ۋاھالەنكى چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنى ئېنىق، ئوقۇيدىغان كەسپلەر ئورۇنلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بېرىدەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى بىر نەچچە يىللىق خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە. شۇڭا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئەسلى ئورنىغا قايتقاندىن كېيىن، خىزمەت ئېھتىياجىغا تېزدىن ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىغاندا، تېخىمۇ تېز ھالدا بىرەر ساھەنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ، تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت پائالىيىتىنى ئېلىپ بارالايدۇ. ھازىر ئېلىمىزدە تولۇقسىز كۇرس قاتلىمىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى ناھايىتى كىچىك، ئۇنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تولۇقسىز كۇرسنى ئاساس قىلغان مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلى، جانلىق ۋە كۆپ خىل بولغان چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى قىسقا مۇددەتلىك ئالىي مائارىپنىڭ غولىغا ئايلاندۇرۇلۇشى لازىم.

قىسقىسى، كۆپ خىل شەكىللىك ئالىي مائارىپ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ بىر خىل تولۇقلىمىسى. تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ، بىر خىل تولۇقلىمىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان يولدۇر. ئىنسانىيەت مىسلىسىز مول پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى توپلىغان بۈگۈنكى زاماندا، ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىنى جەمئىيەتكە قەدەم تاشلاشتىن ئاۋۋالقى ئونئەچچە يىللىق ئادەتتىكى مەكتەپ تەربىيىسىگىلا تايىنىپ قاناەتلەندۈرگىلى بولمايدۇ. داۋاملىق تەربىيە ھەتتا ئۆمۈرلۈك تەربىيىنىڭ بولۇشى زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، مۇنتىزىم مەكتەپلەر مائارىپىغا ئوخشاش ئىنسانىيەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇشى لازىم.

ھەرخىل شەكىللىك ئالىي مائارىپ مەكتەپ باشقۇرۇش شەكىللىرى، ئوقۇش تۈزۈمى، دەرس ئۆتۈش ئۇسۇللىرى، ۋاقتى، تەربىيىلەش ئوبيېكتى ۋە تەربىيىلەش ئۆلچىمى قاتارلىق جەھەتلەردىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ھازىر ئېلىمىزدە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل مەكتەپ باشقۇرۇش شەكىللىرى بار:

رادىئو - تېلېۋىزىيە مائارىپى

مەركەز باشقۇرغان تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باش مەكتىپى بېيجىڭدا تەسىس قىلىنغان، ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلاردا ئۇنىڭ شۆبە مەكتەپلىرى بار. ئوقۇغۇ-

چىلار بىر تۇتاش ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش تەلىم-تەربىيە پىلانى بويىچە ئوقۇتۇلىدۇ. خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان ۋە ئايرىلماي ئوقۇيدىغانلارمۇ بار، ئوقۇش مۇددىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بەزى چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئۆزى باشقۇرغان يەككە پەنلىك تېلېۋىزىيە مائارىپىمۇ بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى قىسقىراق.

پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەر قوشۇمچە مەكتەپ باشقۇرۇش.

پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قوشۇمچە مەكتەپ باشقۇرۇشىدىمۇ نۇرغۇن ئوخشىمىغان شەكىللەر بار:

بىر قىسىم كۈچنى ئاجرىتىپ شۆبە مەكتەپ باشقۇرۇش. بۇنىڭدا، ئوقۇغۇچىلار قاتناپ ئوقۇيدۇ. بۇنداق مەكتەپلەرگە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

كەچلىك ئۇنىۋېرسىتېتلارنى ئېچىپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش. بۇنىڭدا، ئوقۇغۇچىلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىت ( ئاساسلىقى كەچتە ) تىن پايدىلىنىپ مەكتەپكە كېلىپ ئۆگىنىدۇ، ئىشتىن، خىزمەتتىن ئايرىلمايدۇ، ئوقۇش مۇددىتى ئۇزۇنراق بولىدۇ.

سىرتتىن ئوقۇش ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى باشقۇرۇش. بۇنىڭدا، ئوقۇغۇچىلار جاي-جايلاردا تۇرۇپ، مەكتەپ ئەۋەتىپ بەرگەن دەرسلىكلەرگە تايىنىپ ئۆگىنىش قىلىدۇ، سىرتتىن ئوقۇش ئوقۇتقۇچىلىرىنى قويۇپ، زۆرۈر يۈز تۇرانە كونسۇلتاتسىيەلەرنى ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولىدۇ.

ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئۆزى ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش. بۇنىڭدا، ئۆگىنىدىغان ۋە ئىمتىھان بېرىدىغان پەنلەر بەلگىلىنىپ، زۆرۈر ماتېرىياللار ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ، مۇقىم ئۆگىنىش مۇددىتى ۋە ياش چەكلىمىسى بولمايدۇ، تۈركۈم ۋە مۇددەتتە بولۇپ ئىمتىھان ئېلىنىدۇ، جەمئىي نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلارغا ئالىي مائارىپ بويىچە ئوقۇش تارىخى ئىسپاتى بېرىلىپ، كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ، بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە ھەر خىل مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرى، تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەربىيەلىنىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن مەكتەپلەر پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ئارقىلىق باشقۇرۇلسا، ئاساس ياخشى بولغاچقا، راۋاجلىنىشىمۇ تېزراق بولىدۇ. سەل - پەل تەڭشەلسە ۋە زۆرۈر شەرت - شارائىتى تولۇقلاپ بېرىلسىلا ئۇنۇم ھاسىل قىلالايدۇ، سۈپىتىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ھازىر بەزى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ غەيرى پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوقۇغۇچىلىرى پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى بىلەن تەڭلىشىپ، ئوخشىمىغان يېتىشتۈرۈش نىشانى، دەرىجىسى، ئۆلچىمىگە ۋە ئوخشىمىغان مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئىگە چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال مەكتەپلەردىن بولۇپ قالدى.

كەسپىي تارماقلار ۋە جايلار ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇش

بۇ جەھەتتە ھەر خىل تىپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتلىرى دېھقانلار

ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى بار. كەسپىي ئورۇنلار ئىختىساسلىقلارغا چەكسىز ئېھتىياجلىق بولغاچقا، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى تەقسىم قىلىشقا تايانغان بىلەن سان جەھەتتە يېتىشتۈرگىلى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە بەزى ئالاھىدە ئېھتىياجنىمۇ قاندۇرغىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بەزى كەسپىي خادىملارنى تۆت يىللىق تەربىيە ۋە مەشقنى باشتىن كەچۈرمىسە زادى بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بۇ كەسپىي تارماقلار ئۆزلىرى مەبلەغ تەييارلاپ، ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ مەكتەپ باشقۇرسا، يېتىشتۈرۈپ چىققان خادىملىرىنىڭ بازىرى بولىدۇ، دەل ۋاقتىدا جانغا ئەسقاتىدۇ، تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تولۇق ئۇيغۇنلىشالايدۇ. دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ، مائارىپ راسخودىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە، دۆلەتمۇ زۆرۈر ماددىي مەدەت بېرىشكە، بولۇپمۇ تەلىم - تەربىيە جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

6 - 5 جەدۋەل : كۆپ شەكىللىك ئالىي مەكتەپلەر ۋە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى

| تۈرلىرى | مەكتەپ سانى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى |
|---|---|---|
| پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇيدىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەچلىك ئۇنىۋېرسىتېت بۆلۈمى | 233 | 39,873 |
| پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇيدىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىرتتىن ئوقۇتۇش بۆلۈمى | 155 | 240,690 |
| مۇستەقىل سىرتتىن ئوقۇتۇش ئىنستىتۇتلىرى | 3 | 8,114 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتلىرى | 814 | 173,225 |
| دېھقانلار ئۇنىۋېرسىتېتلىرى | 4 | 781 |
| رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى | 29 | 478,758 |
| باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتلىرى | 15 | 1907 |

( بۇ جەدۋەل 1983 - يىلدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن )

بەزى جايلار، كەسپىي تارماقلارنىڭ ئۆزلىرى مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى بولمىسا، ياكى ئېھتىياجلىق كەسپىي ئىختىساسلىقلارنىڭ سانىمۇ كۆپ بولمىسا، ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىش توختامى تۈزسە بولىدۇ. بۇ ئىككىلا تەرەپكە نىسبەتەن تۈرتكە بولىدىغان ۋە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدۇر.

ھەر خىل شەكىلدىكى ئالىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا سان جەھەتتە قەدەمنىمۇ تېزلىتىش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇڭا ئالىي مائارىپنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، ئۇنى مۇستەھكەملىنىش ۋە يۈكسىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

(1) قائىدە - نىزام تۈزۈپ، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىش.

كۆپ خىل شەكىلدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى تەستىقلاش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، ئوخشىمىغان يېتىشتۈرۈش نىشانى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسىي تۈپ ئۆل-

چىمىنى يەلگىلەش، كۆپ خىل شەكىلدە مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەر ئېھتىياجلىق بولغان ئىختىساسلىقلارنى ئالدىن مۆلچەرلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش پىلانى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن كۆپ شەكىلدە مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مائارىپ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە ئۇلاش رولىنى ئوينىشىغا قولايلىق يارىتىلىدۇ.

(2) تەرەققىيات يۆنىلىشى نىشانىنى تەرتىپكە سېلىش.

رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ زامان ۋە ماكانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى ئاز، مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىمكانىيىتى چوڭ، ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى پۈتۈن مەملىكەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە ئەگەر مائارىپنى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يولغا قويۇش مۇمكىن بولسا ياكى كانال ئارتتۇرۇلسا ۋە يەنە رادىئو تېلېۋىزىيىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش دەرسلىك تۈزۈپ چىقىلسا، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى زور كۆلەمدە كېڭەيتكىلى ھەمدە سۈپەتنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. ئادەتتە، ئورۇنلار كونسۇلتاتسىيە ئورگانلىرىنى قۇرسا ھەمدە ئۇنىڭغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىسىلا بولىدۇ. رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى مەدەنىيەت تەلىم تەربىيىسى، تېخنىكا ئاساسىي تەلىم - تەربىيىسى ۋە دۆلەت ئېھتىياجى چوڭ، ھەممىبابلىقى كۈچلۈك كەسىپلەر تەلىم تەربىيىسىنى ئاساس قىلىشى لازىم. سىرتتىن ئوقۇش ۋە باشقا شەكىلدىكى ئالىي مائارىپتا ئاساسلىقى مەلۇم ئاساسى بار خادىملارنى ئېھتىياجلىق كەسىپتە ئوقۇش ۋە بىلىم ئاشۇرۇش پۈرسىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

(3) كۆپ خىل شەكىلدە مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇش.

بۇنىڭدا، مۇنتىزىم پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا ئىنتىلىش خاھىشىنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بولمىسا ئەسلى ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ. يېتىشتۈرۈش نىشانى ۋە ئۆلچىمىگە يېتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، جانلىق، كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم. مەسىلەن: بەزى كەچلىك ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغۇچىلار خىزمەتتىن ئايرىلماي ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئۆگىنىش ۋاقتى ئازراق بولىدۇ، ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇغلۇق، يەنە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى يېتىشتۈرۈلمەكچى بولسا، ئۇ ھالدا ئوقۇش مۇددىتى 5 - 6 يىلغا بېرىپ قالىدۇ، ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي قالىدۇ. شۇڭا، باسقۇچقا بۆلۈپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلسا بولىدۇ، مەسىلەن: بىر باسقۇچلۇق ئۆگىنىشنى تاماملاپ بولغاندا بەلگىلىك ئوقۇش تارىخى ئىسپاتى بېرىش ياكى «پۇتاقلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ غولىنى ساقلاپ قېلىپ»، ئاساسلىق پەنلەر بويىچە ئىزچىللىقنى كەۋدىلەندۈرۈش ۋاھاكازالار.

(4) باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زۆرۈر شەرت - شارائىتلارنى يارىتىش.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش قۇرامى، سەۋىيىسى ۋە ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ جەھەتتىكى پەرقلەر چوڭ، ئوقۇش ۋاقتى، دەرس ئۆتۈش ئورنى تارقاق بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان كونسۇلتاتسىيە تۈزۈمى، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە تەكشۈرۈش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى بىر تۇتاش نەزەردە تۇتۇش كېرەك. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شتاتتىن ئېشىپ كەتكەن خادىملىرىنى يۆتكەپ ياردەم بېرىشكە، ئىككىنچىدىن، پەن تەتقىقات خادىملىرىنى قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىشقا، ئۈچىنچىدىن، پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن خادىملار ئىچىدىن ئادەم تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

دەرسلىك مەسىلىسى ناھايىتى زور مەسىلىدۇر. كۆپلىگەن مەكتەپلەر پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى قوللىنىدۇ، نەتىجىدە بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سەۋىيىسى يۇقىرىراق ئوقۇتقۇچىلارنى ئويۇشتۇرۇپ ھەمدە ئۇلارغا ياردەمچى سەپلەپ بېرىپ، مەملىكەتلىك دەرسلىك يېزىش كومىتېتى ھەيئىتى قۇرۇپ، ئوخشىمىغان تىپ، قاتلام ۋە ئوخشىمىغان ئۆلچەمدىكى دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى مەكتەپلەرنىڭ تاللاپ ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشىنى تەمىن ئېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، قاتناش، ياتاق، يېتىپ قوپۇش، تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى بويىچە سىرتتىن ئوقۇشقا كېرەكلىك تەجرىبە پونكىتلىرى قاتارلىق ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان تەرەپلەردە زۆرۈر شەرت - شارائىتلارنى يارىتىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئالىي مائارىپنىڭ ئوڭۇشلۇق، ساغلام راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش زۆرۈر.

4) رايون قۇرۇلمىسى

رايون قۇرۇلمىسى دېگەندە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رايونلارغا جايلىشىشى، يەنى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سان ۋە تىپ جەھەتتە رايونلارغا جايلىشىش نىسبىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئېلىمىزدە ئالىي مەكتەپلەر نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ ۋە غەيرىي نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ دەپ ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تۈرلىرىمۇ ھەر خىل، شۇڭلاشقا ئۇلار يۈزلەنگەن ۋەزىپىلەرمۇ ئوخشىمايدۇ. چوڭ جەھەتتىن ئايرىغاندا، ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ خىل يۈزلىنىش بار: بىرى، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا يۈزلەنگەن، بىرى چوڭ ھەمكارلىق رايونلىرىغا يۈزلەنگەن، يەنە بىر خىلدىكىلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەنگەن. بۇ ئۈچ خىل تۈردىكى مەكتەپلەرنى قانداق قىلىپ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئورگانىك ھالدا ماسلاشتۇرۇش پۈتكۈل ئالىي مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ياخشى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر ھالقىدۇر.

ئېلىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، قاتناش تەرەققىي تاپمىغان، رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس. ئىختىساسلىقلارنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرۇشى ئاسانغا

چۈشمەيدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رايونلارغا جايلىشىشىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭدۇر.

مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش لازىم. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئامىللارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

(1) ئاھالىنىڭ جايلىشىشى ۋە ياش قاتلىمى ئەھۋالى

مەلۇم بىر رايون ئاھالە سانىنىڭ قانچىلىك بولۇشى شۇ رايوندا مائارىپنى يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن نەزەرگە ئېلىنىدىغان مەسىلىدۇر. ئېلىمىزدە ئاھالىنىڭ جايلىشىشى تولىمۇ تەكشىسىز. ئالىي مەكتەپلەرنى رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشتا بۇ، توپ ئەھۋالغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ياش قاتلىمى ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئاساسلىقى ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ سانىنى ئىگىلەش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇلار ئالىي مائارىپ تەلىم تەربىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتلىرىدۇر. بۇ ئىشتا نوپۇس تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ئالدىن مۆلچەرلەشكە دائىر ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ.

(2) پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىساد، پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتى پىلانى

ئېلىمىزدە پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ يېقىن ۋە يىراق مەزگىللىك تەرەققىيات پىلانى بولىدۇ. رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان نۇقتىلىق تۈرلەر مۇقىمدىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياج پىلانىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىمۇ مۇشۇنى ئاساس قىلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەم نۆۋەتتىكى ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلاشقىلى ھەم تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى نەزەردە تۇتقىلى بولىدۇ.

مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭمۇ ئۆز قانۇنىيىتى ۋە شارائىتى بولىدۇ. خۇسۇسەن، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشتا، ئۇنى ماس ئىگىلىك پىلانى رايونلىرىغا تارقاقلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشمۇ نا تايىن. پەن تەتقىقات كۈچلىرىنى ۋە ئۈسكۈنە جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە-چوڭ شەھەرلەرگە توپلاپ باشقۇرۇشقا تامامەن بولىدۇ. مۇنداق مەكتەپلەر پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىپ، رايونلارغا ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. لېكىن نىسپىي قىلىپ ئېيتقاندا، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر ھەر قايسى چوڭ رايونلاردا بىر نەچچىدىن بولۇشى لازىمكى، ھەممىنى بىر - ئىككى ئورۇنغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك.

(3) رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە نىشانى

ئېلىمىزنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. تەبىئىي شارائىتى ياخشىراق رايونلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ؛ بىپايان قۇملۇق ۋە تاغلىق رايونلارنىڭ كان مەھسۇلاتلىرى ھەمدە نېفىت بايلىقى مول، بۇنداق رايونلاردا قېزىش ۋە مېتاللىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ؛ سانائەتتى

تەرەققىي تاپقان رايونلاردىمۇ ئېغىر تىپ ۋە يېنىك تىپ ئايرىمىسى بولىدۇ. شۇڭلاشقا رايونلارنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان يۈزلىنىشتۈرۈش تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا رايون ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ماس تىپتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش ۋە تەڭشەش لازىم. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى مۇۋاپىق بولمىسا، ناچار ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

رايونلار باشقۇرغان تولۇقسىز كۇرس تىپىدىكى مەكتەپلەر ئۆزى تۈرۈشلۈق رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات نىشانىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭ كۆلىمى كىچىك، ئىش باشلىشى تېز، قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىشىدىكى نامۇۋاپىقلىقتىن كېلىپ چىققان زىددىيەتنى تەڭشەش، پەسەيتىش رولىنى ئوينىيالايدۇ.

(4) رايونلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى

ئالىي مائارىپنى يولغا قويۇشتا رايونلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپلا قالماي يەنە ئۇنىڭ ئىمكانىيىتىگىمۇ قاراش، يەنى شۇ رايونلارنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىگە قاراش كېرەك. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مۇنۇ ئىككى تەرەپكە قاراش لازىم: بىرسى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ئەھۋالى. ئەگەر بۇ رايوندا ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تېخى مۇكەممەل تەرەققىي تاپمىغان بولسا، ئالدى بىلەن ئالىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق؛ ئىككىنچىسى، ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇدىغان ئوقۇتقۇچى، كادىر ۋە باشقۇرۇش خادىملىرى بولۇش. بۇ ئادەملەر ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىسا، سۈپەتلىك باشقۇرۇش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى تەكشى بولماسلىقى ئارقىسىدا رايونلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىدىمۇ بىر قەدەر چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت. ئالىي مەكتەپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھەم بۇ خىل ئەھۋاللارغا ئويغۇنلىشىش، ھەم بۇ خىل پەرقلەرنى ئامال قىلىپ كىچىكلىتىشنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك.

نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزدە بار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رايونلارغا جايلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، يەنە تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر ياقلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

دېڭىز بويلىرى بىلەن ئىچكىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئېلىمىزدە ئالىي مەكتەپلەر دېڭىز بويلىرىغا بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، ئىچكىرى جايلاردا ئازراق. ٥ـ ٦ جەدۋەلدىن قارىغاندا، شەرقىي جۇڭگو رايونىدا ئالىي مەكتەپلەر ئەڭ كۆپ، غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب رايونلىرىدا ئازراق، يەنە كېلىپ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر ئومۇمەن بىر نەچچە چوڭ شەھەرلەرگىلا مەركەزلىشىپ قالغان. بۇنى ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئاھالىسى زىچ بولۇشى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىر قەدەر ئىلغار، ئىچكىرى جايلارنىڭ ئاھالىسى شالاڭراق، ھەر جەھەتتە بىر قەدەر

ئارقىدا قالغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. تارىخىي سەۋەبلەر پەيدا قىلغان بۇنداق ھالەتنى دەرھال ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. بىر تەرەپتىن ئىچكىرى جايلاردا يېڭى ئالىي مەكتەپلەرنى ئىمكان بار تېزراق قۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئۈستۈنلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ ياردەم بېرىش كېرەك. مەسىلەن: ئىختىساسلىقلارنى ئىشانلىق ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىش، ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم بېرىش ۋاھاكازالار. ئەلۋەتتە، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، دېڭىز بويى رايونلىرىدا يېڭى مەكتەپلەرنى كۆپلەپ قۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس. شەرت - شارائىت بولۇپ يېڭى مەكتەپ قۇرغان تەقدىردىمۇ ئاساسلىقى باشقا رايونلارغا ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ ئەۋەتىپ بېرىش ياكى ئۆزىنىڭ ئەسلى جايلىشىش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن بولۇشى لازىم. قىسقىسى، دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىش جەھەتتىكى تەكشۈكسىزلىكىنى پەيدىن - پەي تەڭشەش لازىم.

6 - 6 جەدۋەل : ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رايونلارغا تارقىلىش ئەھۋالى

| | 1949 - يىل | 1965 - يىل | 19 8 - يىل | 1982 - يىل | 1985 - يىل |
|---|---|---|---|---|---|
| شىمالىي جۇڭگو رايونى | 27 | 97 | 100 | 130 | 169 |
| شەرقىي شىمال رايونى | 20 | 62 | 84 | 97 | 146 |
| شەرقىي جۇڭگو رايونى | 79 | 117 | 163 | 200 | 297 |
| ئوتتۇرا جەنۇب رايونى | 29 | 78 | 123 | 135 | 209 |
| غەربىي جەنۇب رايونى | 42 | 42 | 73 | 85 | 107 |
| غەربىي شىمال رايونى | 8 | 38 | 55 | 68 | 88 |
| جەمئىي | 205 | 434 | 598 | 715 | 1,019 |

شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ مۇناسىۋىتى

ئالىي مەكتەپلەر ئادەتتە شەھەرلەردە باشقۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك مەخسۇس ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈدىغان ئورۇن بولۇپلا قالماي، يەنە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان، يېڭى بىلىملەرنى يارىتىدىغان ئورۇندۇر. ئۇ، نۇرغۇن ئالىملار، ئاتاقلىق شەخسلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، بىرلىكتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشى، ئىنسانىيەت ياراتقان مول بىلىم ئۇچۇرلىرىنى دەل ۋاقتىدا توپلاپ، ئىلىم تەرەپدارلىرىنىڭ ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يەغىپ تۇرۇشى، شۇنىڭ

(ئاخىرى 53 - بەتتە)

*****************

## ئاپتور ۋە كىتابخانلاردىن تەكلىپ

*****************

**مۇھەررىردىن:**

يېقىندا بەزى ئاپتور ۋە كىتابخانلىرىمىز تەھرىر بۆلۈمىمىزگە خەت ئەۋەتىپ، ژۇرنىلىمىز توغرىسىدا پايدىلىق تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەردى. ئالدى بىلەن ئۇلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز ھەمدە بۇندىن كېيىن ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر جەھەتتىن تېخىمۇ ياخشى چىقىشى ئۈچۈن، كەڭ كىتابخانلارنىڭ داۋاملىق بىزگە پىكىر - تەكلىپ بېرىپ تۇرۇشىنى قارشى ئالىمىز.

تۆۋەندە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن غەيرەتجان ئوسمانىنىڭ خېتىنى ئېلان قىلدۇق:

---

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمىگە:

ھۆرمەتلىك مۇھەررىر يولداشلار، تىنچلىقلارغا ساغلاملىق، خىزمەتلىرىڭلارغا ئۇتۇق تىلەيمەن.

مەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ قىزغىن ۋە دائىملىق كىتابخانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەزكۇر ژۇرنالدا سۈپەتلىك، مول مەزمۇنلۇق ۋە ئىلمىيلىككە، ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ تۇرىۋاتقانلىقىڭلارغا تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

ژۇرنىلىڭلار ھەر تەرەپلىمە ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى جۇملىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىلىمگە ھېرىسمەن كىتابخانلار ئارىسىدا ياخشى باھاغا ئىگە. بىز ئۇنىڭ يېڭى - يېڭى سانلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمىز. شۇڭا، ژۇرنالنى داۋاملىق ياخشى چىقىرىشىڭلارغا تىلەكداشمىز.

مەن شۇ مەقسەتتە، تۆۋەندىكى ئىككى ئېغىز پىكىرىمنى سىلەرگە ئەۋەتتىم. بۇلار ھەرگىز ژۇرنالدىن قۇسۇر تاپقانلىق ئەمەس، بەلكى، ئۆزۈم ناھايىتى ياقتۇرغان ژۇرنالغا دوستلارچە تەكلىپ بېرىشىم، بۇنى مۇۋاپىق دەپ قارىساڭلار، قوبۇل قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

1) پەقىر «بۇ تۇرمىش تارقان ۋە «خۇئاستۇ ئانغىت»» دېگەن بىر ماقالىنى ئەۋەتكەن ئىدىم. ئۇ، ژۇرنىلىڭلارنىڭ 1990 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كۆرۈپ سۆيۈنگەن بولساممۇ، لېكىن ئىككى يەردىكى تەھرىرلىكتىن كۆڭلۈم بىر ئاز يېرىم بولدى:

بىرى، ژۇرنالنىڭ 20 - بېتىدە «مىلادى IV - V ئەسىرلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان يېزىقنىڭ بار ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پەرەز ئۇيغۇر يېزىقشۇ-

ناسلىق ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ۋە بىردەك ئىنتىراپ قىلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا» دېگەن جۈملىنىڭ خۇلاسىسىنى مەن «ئىنتىراپ قىلىنمايۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا» دەپ يازغاندەك تۇراتتىم، ئەپسۇسكى، ژۇرنال سەھىپىسىدە ئەشۇنداق ئۆزگەرگەن ئەھۋالدا ئېلان قىلىنىپ كەتتى.

ئۇيغۇرلاردا يېزىقنىڭ قاچان قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئەسىرلەردىن بېرى تەر ئاققۇزۇپ، تېخى مۇنچىلىك ھۆكۈمگە ئېرىشەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، مەندەك بىر ياش ھەۋەسكارنىڭ قەلىمىدە بۇ ھۆكۈمنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئىلىم ساھەسى ئۈچۈن غەلىتە ھادىسە. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن كەلگۈسىدە بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچار بولۇشۇم مۇمكىن.

يەنە بىرى، ژۇرنالنىڭ 73 - بېتى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بەشىنچى قۇر ئارىلىقىدا، سۇبىيخەينىڭ ماقالىسىنىڭ ئىسمى ۋە بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغان ژۇرنال ئىسمى يېزىلغاندەك تۇراتتى، لېكىن ئىخچاملاش كۆزلىنىپ، تەھرىرلىكتە ئۆچۈرۈۋېتىلگەن، ئەمما يۇقىرىدىن تۆۋەنگە توققۇزىنچى قۇردىكى «يۇقىرىقى ژۇرنال، شۇبەت» دېگەن كۆرسەتمە جۈملىنىڭ نىشانىسى يوقاپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلىنمىغان.

2) جاقۇپ جونۇسنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 1992 - يىل 1 - سانىغا بېسىلغان «دئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابىنىڭ ئەجەللىك يېرى — مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىش» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق بىر جۈملە بار ( 29 - بەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگە 15 - قۇر):
«... قارا خانىلار خانلىقىنى تىكلىگەن ياغمالارنى ئالساق ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار بىلەن باردى - كەلدىسى، يېقىنچىلىقى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار تىكلىگەن ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇنچىۋالا ئالاقىسى يوق».

بۇيەردە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «جۇڭخۇا مىللەتلىرى»، «جۇڭگو بۈيۈك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ دىنلىرى ۋە ئەپسانىلىرى چوڭ لۇغىتى» قاتارلىق كىتابلارۋە خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان نوپۇزلۇق ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ ھەممىسىدە «قارا خانىلارنى ئۇيغۇرلار ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسى قۇرغان» دېگەن ئىلمىي ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان«شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابتا بۇ خىل كۆز قاراش تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزاھلانغان.

ئاپتونوم رايونىمىزدا يېقىنقى بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۈچ كىتابنى تەنقىد قىلىش ئىلمىي مۇنازىرىسى ماقالىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدىمۇ، جاقۇپ جونۇس دېگەندەك بۇنداق مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. ئەپسۇسكى، ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابنى تەنقىد قىلىش باھانىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى توغرا يۆنىلىش بويىچە كېتىۋاتقان تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى

ئىنكار قىلىدىغان بۇخىل خاتا ئۇقتىشنىڭ زەرلىرى كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق ئازار بېرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ بىر يەرلىك سۇلالىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان قاراخانىلار سۇلالىسىنى ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىسى يوق، دېيىش توغرا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

دېمەكچىمەنكى، مۇھەررىرلەر جاقۇپ جونۇسنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىنىڭ باشقا يېرىنى ئۆزگەرتمەي، ئاشۇ بىر جۈملىسىنى چوقۇم ئېلىۋېتىشى كېرەك ئىدى. گەرچە بۇلار كىچىك مەسىلە بولسىمۇ، ئالاھىدە تەكىتلەپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم.

خىزمىتىڭلارغا ئۇتۇق تىلەپ

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن: غەيرەتجان ئوسمان.

## بېسىلغان خەتلەر ئىزىدىن

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1990 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «بوتۇرمىش تارقان ۋە دىخۇئاستۇ ئانغىت» ناملىق ماقالىنىڭ ئەسلى ئارگىنالىنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقتۇق. بىزدىكى سەھۋەنلىك تۈپەيلىدىن يۇقىرىدىكى ژۇرنالنىڭ 20 - بېتىدىكى «مىلادى IV - V ئەسىرلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان يېزىقنىڭ بار ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پەرەز ئۇيغۇر يېزىقشۇناسلىق ساھەسىدە ئومۇميۈزلۈك ۋە بىردەك ئېتىراپ قىلىنمايۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ...» دېگەن جۈملە «بىردەك ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ...» دەپ بېسىلىپ كەتكەن. بىز بۇ خاتالىقنىڭ ماقالە ئاپتورىغا ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈپ قويماسلىقىنى، كىتابخانلىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى سورايمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، 73 - بەتتىكى «يۇقىرىقى ژۇرنال، شۇ بەت» دېگەن كۆرسەتمە جۈملىسىنىڭ ئىشارىسىنىڭمۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1992 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، جاقۇپ جونۇسنىڭ «دئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابىنىڭ ئەجەللىك يېرى - مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىش» دېگەن ماقالىسىدا ھەققەتەن «قاراخانىلار خانلىقىنى تىكلىگەن ياغمىلارنى ئالساق، ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن باردى - كەلدىسى، يېقىنچىلىقى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار تىكلىگەن ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇنچىۋالا ئالاقىسى يوق» دېگەن جۈملە شۇ ھالەتتە بېسىلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇ، تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ بىر سەھۋەنلىكى. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئەپسۇسلىنىمىز ۋە كىتابخانلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايمىز.

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى

喀什师范学院学报

哲学社会科学
维文版
（季刊）

1992年
第2期
总第57期

主　编
群·阿吉
副主编
加帕尔·肉孜
木太里甫·斯地克

# 目　录

提高认识，切实做好思想政治工作…………………………………………阿布力克木·艾山
论社会主义文艺事业的指导思想…………………………………………穆罕默德艾力·卡地尔
关于搜集和整理维吾尔民间文学的几个问题…………………………………………艾尼瓦尔·穆罕默德赛衣德
浅谈1940年以来世界科学技术及其特点…………………………………………沙比提·哈米提
文学艺术在科学发展中的地位和作用…………………………………………穆罕穆德·吐尔地阿吉
古维吾尔文中“景教文物”的研究…………………………………………阿布都热西提·牙克甫
匈奴通史……………………………………………………林甘
维吾尔族近代科学教育以及著名人物…………………………………………依布拉音·尼亚孜
关于师范教育及其发展历史……………依力哈木江·帕哈尔丁
高等教育教育学讲座（六）……………………………………

مۇقاۋىنى مۇھەممەت تۇرسۇن ئىشلىگەن


قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

1992- يىللىق 2 - سان، ئومۇمىي 57 - سان

喀什师范学院学报

（哲学社会科学维文版）

نەشىر قىلغۇچى : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى : « قەشقەر گېزىتى » مەتبەئەسى

تارقاتقۇچى : قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار

بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 — 1014/Z

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 114 — 58

باھاسى: 1.00 يۈەن